# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10841-1
9 787228 108411 >
定价：4.50元

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى





«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007-يىلى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔民间趣闻.1：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
ISBN 978-7-228-10841-1

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集- 中国-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006065号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

维吾尔民间趣闻 －1（维吾尔文）
《维吾尔民间文学大典》编委会编

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.5印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

---

ISBN 978-7-228-10841-1　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 1

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5000 — 1
ISBN 978-7-228-10841-1
باھاسى: 4.50 يۈەن






# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 55 كىتابچە نەشردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كېپىك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چۆچۈرە بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھزادە بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتانىنىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | تەلۋە كۈيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئادەمىي شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۆسكەك پادىشاھ (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قاينا، چۆگۈن (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەقىللىق كەنجى قىز (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھەركىم قىلسا ئۆزىگە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يالتايغاق بوۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۆجمە سايىسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەپچىلەم (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئارغىماق ماجىراسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىككى بايىنى ئەپلىگەن مالاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يەتتە لىڭگىلىتاق بىلەن بىر شىڭگىلىتاق (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى شىتىلە بىلەن پىتىلە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مازاقخور مازاقتا ئۆلەر (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى پادىشاھنىڭ كۈننى ئۇزارتىشى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېشەكنى ئۆرۈپ خوتۇننى قورقۇتۇش (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قازان تۇۋى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى شاھ بىلەن شاتۇتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ــ 1، ـ 2، ـ 3، ـ 4، ـ 5 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى (ھېسام چاقچاقلىرى) ــ 1، ـ 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى ــ 1، ـ 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى ــ 1، ـ 2، ـ 3 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى ــ 1، ـ 2 (ھەر بىرى 3.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى (3.50 يۈەن)

( بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن )

## مۇندەرىجە

### نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى


دادىڭىزنى دوراپسىز ........................ 3
تايغاننىڭ ئۆزى بولىدۇ ........................ 4
ئىگىسىگە بېرىۋېتىپ قويۇتۇلىمەن ........................ 4
بەرمەسىنىڭ باھانىسى ........................ 5
زىندان تەكشۈرۈش ........................ 5
ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس ........................ 6
كاۋىغا لايىق قازان ........................ 7
موھتاجلىقتىن ........................ 7
جەننەت توشۇپ كېتىش ........................ 8
ئەتە قىيامەت بولسا ........................ 9
گۇۋاھلىق بېرىش ........................ 10
بەيگە ئۆكۈز ........................ 10
شۇ ساقىلىڭ بىلەن ........................ 11
قازى ۋە دوزاخ ........................ 11
ئۇيقۇمنى ئىزدەپ ........................ 12
گۇناھ ئانىسىدا ........................ 12
كونا كېپەن، كونا گۆر ........................ 13
ياخشى شەھەر ........................ 13
ئۆزۈممىكىن دەپتىمەن ........................ 14
تۆت ئاياغلاپ قېچىش ........................ 15
ھەر كۆرگەندە ئەسلەپ تۇرىمەن ........................ 16

قەيەرگە ماڭدىڭىز ..................... 16

پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ ..................... 17

سەجدە ..................... 18

كالىنى ئۆزۈم ئالىمەن ..................... 18

بالىلارنىڭ تەلپى ..................... 19

تۆت ئاياغلىق قازى ..................... 20

نېمە قالىدۇ ..................... 20

ۋەزىر ۋە ئېشەك ..................... 21

نەملىك ۋە نان ..................... 22

بۇيرۇققا بىنائەن ..................... 22

قازىنىڭ نەزىرى ..................... 23

تام دال بولالامدۇ ..................... 24

قانداق كەلسە، شۇنداق ئۇرۇش ..................... 24

ئايالىنىڭ گېپى ..................... 25

خىجىللىقىمدىن يەيمەن ..................... 26

ئىككى ئېشەكنىڭ يۈكى ..................... 27

تەتۈر مەخلۇق ..................... 27

مۈشۈك ۋە گۆش ..................... 28

پۇراققا جىرىڭ ..................... 28

پەم ..................... 29

ئالاقىسى زور ..................... 30

ئىسمىڭدىن بىلدىم ..................... 30

ئۇ دۇنيادا ..................... 31

ئەزرائىل قورقىدۇ ..................... 32

شەھەرگە بېرىشقا ۋاقتىم يوق ..................... 32

قوش ھەق تۆلەش ..................... 33

ھۇۋقۇش نېمە دەيدۇ ..................... 34

ھېكمەتلىك سۆز ........ 35
ئالما كۆچىتى ........ 36
خۇشاللىق كۈن ........ 36
چۈشۈشكە يارىشا چىقىش ........ 37
ئىشىكتىن چىقىپ كېتەي ........ 38
تارتىنچاق نان ........ 39
ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ........ 39
باغاق ........ 40
نەدىن بىلىسىلەر ........ 40
گەپ سەللىدە بولسا ........ 41
سۇغا غەرق بولىمىز ........ 42
كەڭ گۆر ........ 42
ئىككى كۈن بۇرۇن ئۆلىمەن ........ 43
سىزمۇ ئۇيالمامسىز ........ 44
مىڭ لەنەت ........ 44
كىم ھاماقەت ........ 45
سىلەردىن ئۆگەنسە بولغۇدەك ........ 46
گۇناھ خالتىسى ........ 46
روزام بۇزۇلىدۇ ........ 48
قىزىلئۆڭگەچكە ئوت كەتكەندە ........ 48
ياڭاق بۆلۈپ بەرگەننىڭ ھەققى ........ 49
دۇلدۇل ........ 49
ئەپەندىم مەرگەن ........ 50
ھېچ گەپ يوق ئىكەن ........ 51
ئامانەتكە خىيانەت ........ 52
شەھەرنىڭ سارىڭى ........ 54
خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ ........ 55

ئۆزۈڭلارنى ئۆگزىدىن تاشلاپ كۆرۈڭلار ........................ 56
توخۇ ۋە ئۇرۇق ........................................ 56
يـاش ................................................ 59
ۋەز .................................................. 60
مۇتتەھەم باي ........................................ 61
تەكىيە قىلاتتىم ...................................... 63
ئىت يىرگەندى ........................................ 63
سىزدىن تەلىم ئېلىپ .................................. 64
لەتىپە ................................................ 65
ئىككى ساماۋار ...................................... 66
ئاپتـاپ ۋە ئـاي ...................................... 66
پەرق ................................................ 66
ئەمدىكىسىنى ئۆزىڭىز تېپىڭ ............................ 67
سېنىڭمۇ راست ....................................... 68
ئۇسساپ قالغاندۇ ...................................... 68
خىجىللىق ............................................ 69
جىگدە تالقىنى ........................................ 70
شورپىسىنىڭ شورپىسى .................................. 70

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

ئۆتكۈر پىكىرلىك، ساغلام ئەقىللىق نەسىردىن ئەپەندىنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئىختىيارسىز ھالدا چىرايىمىزدا كۈلكە پەيدا بولىدۇ. ئۆتمۈشتىكى جاھالەتنى، ئادالەتسىزلىكنى، ئەخمەقلىق ۋە نادانلىقنى مەسخىرە قىلىدىغان بۇ كۈلكە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تارتىپ خەلقىمىز ئارىسىدا جاراڭلاپ، كىشىلەرنى روھلاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئاچچىق ھەجۋىي، چوڭقۇر يۇمۇر ۋە ئۈمىدۋار ئىنتىلىش بىلەن تولغان بۇ كۈلكە كىملەرگە ھەمراھ بولمىغان دەيسىز! ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ خەلقچىللىقى، ئۇنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئىخچاملىقى، ئەستە قالدۇرۇشقا ۋە ئېيتىشقا قولايلىقلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى كۈلكە كۈچى لەتىپىلەرنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشىغا، ئاممىۋى ئاساس تىكلىنىشىگە سەۋەب بولغان. ئەپەندى لەتىپىلىرى يالغۇز ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىلا ئەمەس، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ ئومۇميۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ۋە قىزغىن سۆيۈشىگە سازاۋەر بولماقتا. نەسىردىن ئەپەندى نامى بىلەن باغلىق بولغان لەتى-

پىلەر ئۇيغۇرلاردىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا،
ئەرەبىستان، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ
كەڭ تارقالغان.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ تېمىسى بەكمۇ كەڭ،
مەزمۇنى چوڭقۇر. بۇ لەتىپىلەر زور ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر-
دىن تارتىپ تۇرمۇشتىكى ئۇششاق مەسىلىلەرگىچە بولغان
ئىنتايىن كەڭ تېماتىك مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ لەتى-
پىلەر فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى
ھۆكۈمران تەبىقىلەرنى، پادىشاھ، ھاكىم، بەگ، قازىغا ئوخ-
شاشلارنى پاش قىلىپ، ھەجۋىي قامچىسى ئاستىغا ئالغان؛ دى-
نىي ئاسارەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئىدىيىۋى ئەركىن-
لىكنى تەرغىب قىلغان؛ شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىز-
لىك، پارىخورلۇق، جازانىخورلۇق، ئىككى يۈزلىمىلىك، چې-
قىمچىلىق، كۆرەلمەسلىككە ئوخشاش ھادىسىلەرنى مەسخىرە
قىلىپ سۆككەن؛ ئەخمەقلىق، نادانلىق ئۈستىدىن قاتتىق
كۈلگەن. ئەپەندى لەتىپىلىرى جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرىنى
پاش قىلىپلا قالماستىن، ئەمگەكچى خەلققە مەسلىھەت بې-
رىپ، ئەقىل ئۆگىتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، خۇددى «ئەق-
لىيە سۆزلەر»گە ئوخشاش ئالاھىدە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە
ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپەندى ئوبرازى خەلقنىڭ دۈشمەنگە
قارشى قورالى ۋە قامچىسى، خەلقنىڭ دوستى ۋە مەسلىھەت-
چىسى سۈپىتىدە ئەمگەكچى خەلقلەر ئارىسىدا ئەسىرلەر بويى
مەڭگۈ قېرىماس ئوبراز بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە.

# دادىڭىزنى دوراپسىز

پادىشاھ چوڭ مەدرىسىدە ئوقۇپ كەلگەن ئوغلىنى ئەپەندىمگە ماختاپ:

— شاھزادىمىز شۇنچىلىك كامالەتكە يەتتىكى، كۆڭۆلگە پۈككەننىمۇ بىلەلەيدۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم:

— پادىشاھئالەم، شاھزادىنى كۆڭۆلگە پۈككەندىن ئەمەس، ئاۋۋال مۇشتۇمغا تۈگكەندىن بىر سىناپ كۆرەيلى، — دەپ ئۈزۈكنى مەھكەم سىقىمىلاپ شاھزادىگە كۆرسىتىپتۇ:

— قېنى، شاھزادەم، قولۇمدىكى نېمە؟

شاھزادە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ.

ئەپەندىم:

— بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرەي، ئۆزى دۈگىلەك، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، ئۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، بىلدىم، — دەپتۇ شاھزادە، — قولىڭىزدىكى تۈگمەن تېشى.

ئەپەندىم دەرھال:

— ئەقلىڭىزگە باركاللا، خۇددى دادىڭىزنى دوراپسىز، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

## تايغاننىڭ ئۆزى بولىدۇ

شەھەرنىڭ بىر بېخىل بېيى ئەپەندىمگە بىر تايغان ئىت سېتىپ ئەكىلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم ئۇنىڭغا سېمىز، يوغان بىر ئىت ئەكىلىپ بېرىپتۇ. باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەپەندىم، مەن سىزگە تايغان ئەكىلىپ بېرىڭ دېگەنىدىمغۇ! — دەپتۇ.

— رەنجىمىسىلە، باي، بۇ ئىت ئۆيلىرىدە بىر ھەپتىلا تۇرسا، ئورۇقلاپ تايغاننىڭ ئۆزى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئىگىسىگە بېرىۋېتىپ قۇتۇلىمەن

ئەپەندىم نامراتچىلىقتىن قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلالماپتۇ. ئۇ نامازدىن قايتىپ كېلىۋاتسا، كوچىدا بىر ئۆچكە يۈرگەنىكەن، ئۇنى تۇتۇپ قۇربانلىق قىلىپ، سويۇپ يەپتۇ. بۇنى بىلگەن قوشنىسى ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، قىيامەتتە ئۆچكىنىڭ سورىقى بولسا، قانداق قىلىسىز؟ — دەپتۇ.

— تېنىۋالىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— تېنىۋالالمايسىز، — دەپتۇ قوشنىسى، — قىيامەت-
تە ئۆچكىنىڭ ئۆزى تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

— ئۇنداقتا ياخشى ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — قىيامەتتە ئۆچكە تىرىلىپ ئالدىمغا كەلسە، تۇتۇپلا ئىگى-
سىگە بېرىۋېتىمەن - دە، قۇتۇلىمەن.

## بەرمەسنىڭ باھانىسى

بىر كىشى ئەپەندىمدىن غەلۋىر سوراپ كەپتۇ. ئەپەندىم:

— بۇرادەر، جېنىم بىلەن بېرەتتىم، بىكار ئەمەس، ئۆيدىكىلەر غەلۋىرگە سۇ قۇيۇپ قويۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھېلىقى كىشى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، غەلۋىرگىمۇ سۇ قۇيامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، بەرمەسلىككە باھانە ئىزدىگەندە غەل-
ۋىرگە سۇ قۇيۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئارقانغىمۇ ئۇن بېسىپ قويىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## زىندان تەكشۈرۈش

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمنى باشلاپ زىندان تەكشۈ-

رۇشكە بېرىپتۇ. پادىشاھ زىندانغا سولانغانلاردىن:

— سىلەر نېمە گۇناھ قىلغان؟ — دەپ سوراپتىكەن، ھەممىسىلا:

— تەقسىر، ھېچ گۇناھىمىز يوق ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. لېكىن، ئاردىن بىرلا كىشى ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىپتۇ.

ئەپەندىم پادىشاھقا:

— تەقسىر، بۇ كىشىنى زىنداندىن بوشىتىۋەتسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ گۇناھكارنى كۆرسىتىپ، — زىنداندىكى گۇناھسىز بەندىلەرگە گۇناھى يۇقۇپ قالمىسۇن!

## ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس

ئەپەندىم بازاردا ئوقەت قىلىپ ئولتۇرغىنىدا، بازاربېگى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئوقەت قانداقراق؟

— بېگىم، ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم. بەگ ھەيران بولۇپ:

— قانداق بولغىنى بۇ، ياخشىمۇ بولمىسا، يامانمۇ بولمىسا؟! — دەپتۇ.

— بېگىم، ئوقەت يامان دېسەم، باج ئالغاندا سىز رەنجىيسىز، ياخشى دەي دېسەم، ئۆيگە بارغاندا خوتۇن رەن-

جىيدۇ، شۇڭا ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## كاۋىغا لايىق قازان

ئەپەندىم بىر يېزىغا بارغانىكەن، ئۇ يېزىدىكى كىشىلەر ئەپەندىمگە ماختىنىشقا باشلاپتۇ:

ــ بۇ يىل بىزنىڭ زىرائەتلەر شۇنچىلىك ئوخشىدىكى، ھەربىر كاۋىمىز بىر ھارۋىغا پاتماي قالدى.

ئەپەندىممۇ بوش كەلمەي:

ــ بىزنىڭ شەھەرنىڭ مىسكەرلىرى شۇنچىلىك ھۈنەرگە تولدىكى، بۇ يىل ئۆيدەك، سارايدەك قازانلارنى ياسىۋەتتى، ــ دەپتۇ.

ــ ئەپەندىم، شۇنداقمۇ چوڭ قازان بولامدۇ؟ ــ دەپ سورىشىپتۇ كىشىلەر.

ــ ھەي ئەخمەقلەر، ئۇنداق چوڭ قازان بولمىسا، سىلەرنىڭ كاۋاڭلارنى نېمىدە پىشۇرىدۇ؟ كاۋىغا لايىق قازان ــ دە، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## موھتاجلىقتىن

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

ــ ئەپەندىم، بىر تەرىپىڭىزگە ئالتۇن، يەنە بىر تەرىپىڭىزگە ھەقىقەت قويۇپ قويسا، سىز قايسىسىنى ئالىسىز؟

— تەقسىر، ئالتۇننى ئالىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— نادان ئىكەنسىز، — دەپتۇ پادىشاھ ئەپەندىمگە، — پۇل، دۇنيا دېگەن تېپىلىدۇ، ھەقىقەت دېگەنگە ئېرىشمەك قىيىن. سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، ھەقىقەتنى ئالاتتىم.

— تەقسىر، سۆزلىرى توغرا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — كىمدە نېمە كەم بولسا، ئۇ شۇنى ئالىدۇ. مېنىڭ ئالتۇننى ئېلىشىم، سىلىنىڭ ھەقىقەتنى ئېلىشلىرى — موھتاجلىقتىن.



## جەننەت توشۇپ كېتىش...

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، مەن ئۆلگەندە جەننەتكە كىرىمەنمۇ، دوزاخقىمۇ؟ قېنى بىر ئادىل باھا بېرىپ باقىڭا.

— دوزاخقا كىرىدىلا، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم ئەيمەنمەستىنلا. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، غەزەپتىن ساقاللىرى تىترەپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم:

— تەقسىر، خاپا بولمىسىلا، ئەسلىدىنمۇ جەننەتكە كىرىدىلا دېمەكچىدىم، بىراق جاللاتلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلگەن بىگۇناھ كىشىلەر بىلەن جەننەت تولۇپ كەتكەن

بولسا، سىلىنى سىغمامدىكىن دەپ، دوزاخ دەپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئەتە قىيامەت بولسا...

ئەپەندىمنىڭ قوي بورداۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مەھەللە بايلىرىنىڭ بالىلىرى ئەپەندىمنى ئالداپ قويىنى يەۋېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— ئەپەندىم، ئاخۇنۇملار ئەتە قىيامەت بولىدىكەن، دەيدۇ. قويىنى بېقىپ نېمە قىلىسىز، بوگۈنلا دەريا بويىغا چىقىپ ئولاش - چولاش يەۋېتەيلى، — دەپتۇ. ئەپەندىم ماقۇل بوپتۇ - دە، دەريا بويىغا بېرىپ، قويىنى سويۇپ قازانغا سېپتۇ. باي باللىرى گۆش پىشقۇچە ئىشتىھاسىنى ئاچماق بولۇپ، بەقەسەم چاپان، شايى يەكتەكلىرىنى ئەپەندىمگە ساقلىتىپ قويۇپ سۇغا چۈمۈلگىلى كېتىپتۇ. ئەپەندىم ئوتنى ئۇلغايتىپ، ھەممە كىيىملەرنى ئوچاققا تىقىپ گۆشنى راسا قايناتقىلى تۇرۇپتۇ. باي باللىرى قايتىپ كەلسە كىيىملىرى يوق تۇرغۇدەك. ئۇلار:

— ئەپەندىم، چاقچاق قىلماي كىيىملەرنى بېرىۋېتىڭ، نەگە تىقىپ قويدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چاقچاق قىلمىدىم، ئوتقا قالىۋەتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— بۇ نېمە قىلىق، ئەمدى نېمە كىيىمىز؟ — دەپتۇ بالىلار.

— ئەخمەق ئىككەنسىلەر، ئەتە قىيامەت تۇرسا، كىيىمنىڭ نېمە كېرىكى بار؟! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## گوۋاھلىق بېرىش

بىر كىشى ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەپەندىم، مېنىڭ پالانچىدا بۇغداي قەرزىم بار ئىدى، ئەتە قازىخانىغا بېرىپ گوۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بەرسەڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. ئەپەندىم رازى بولۇپ قازىخانىغا بېرىپتۇ.

— دەۋاگەرنىڭ بۇ ئادەمدە ئارپا دەۋاسى بارلىقىغا گوۋاھلىق بېرىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم. قازى ھەيران بولۇپ:

— دەۋاگەر بۇغداي قەرزىم بار دېيىۋىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— يالغان دەۋا ئۆچۈن بۇغداي ئەمەس، ئارپا ئۇندۇرۇۋالسىمۇ چوڭ گەپ، قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىڭ، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

## بەيگە ئۆكۈز

بىر كۈنى پادشاھ بەيگە ئېلان قىلىپ، يوگۇرۈك

ئاتلارنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. ھەممە كىشى يۈگۈرۈك
ئاتلىرىنى تەييارلاپ، مەيدانغا ئەكەپتۇ. ئەپەندىممۇ بۇ خە-
ۋەرنى ئاڭلاپ بىر قېرى ئۆكۈزنى مىنىپ بەيگە مەيدانىغا
كەپتىكەن، پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كايىپتۇ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلىق؟ ئات بەيگىسىگە ئۆكۈز
مىنىپ كەپسىزغۇ!

— پادىشاھىئالەم، سىزگە ھۆددە قىلىمەنكى، بۇ ئۆ-
كۈز سىزنىڭ ئاتلىرىڭىزنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىدۇ. نې-
مىشقا دېسىڭىز، بۇ ئۆكۈز موزاي ۋاقتىدا، ئارقان ئۈزۈپ
قېچىپ كەتسە، ئات بىلەن قوغلاپمۇ يەتكىلى بولمايتتى.
ئەمدىلىكتە ئۈچەندىغان بولۇپ قالغان بولسا ئەجەب ئەمەس.

## شۇ ساقىلىك بىلەن...

ئەپەندىم ئۆيدە ئولتۇرسا، بالىسى يىغلاپ كىرىپ:

— دادا، نېنىم قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى، — دەپتۇ.
ئەپەندىم يۈگۈرۈپ چىقىپ قۇدۇققا ئېڭىشىپ قاراپتۇ ۋە
قۇدۇقتىكى ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ:

— شۇ ساقىلىك بىلەن كىچىك بالىنىڭ نېنىنى تار-
تىۋېلىشتىن ئىزا تارتمىدىڭمۇ؟ — دەپ كايىپتۇ.

## قازى ۋە دوزاخ

بىر كۈنى شەھەر قازىسى ئەپەندىمدىن:

— ئاخىرەتتە سىز جەننەتكە كىرەمسىز، دوزاخقىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— قازى ئاخۇنۇم، ئۆزلىرىچۇ؟ — دەپتۇ.

— خۇدايىتائالاغا قىلغان تائەت ـ ئىبادىتىم شاراپىتىدىن جەننەتكە كىرگەيمەن، دەپ ئويلايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قازى. ئەپەندىم ئويلاپ تۇرماستىنلا:

— ئۇنداق بولسا مەن ئۇدۇل دوزاخقا يول ئالىمەن! — دەپتۇ.

## ئۇيقۇمنى ئىزدەپ

بىر كۈنى كېچىسى ئەپەندىم بازاردا كېتىپ بارسا، ئۇنى مىرشەپ بېگى تۇتۇۋېلىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كېچىسى بازاردا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟

— بۈگۈن ئۇيقۇم قېچىپ كېتىپ زادى ئۇخلىيالمىدىم، ئۇيقۇمنى ئىزدەپ يۈرىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## گۇناھ ئانىسىدا

ئەپەندىمنىڭ باغلاقلىق موزىيى ئارقانىنى ئۈزۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم موزاينى قوغلاپ تۇتالماي تازىمۇ چارچاپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپتۇ. ئاچچىقىدا باغلاقلىق سىيىرنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. خوتۇنى ئەپەندىمنىڭ بۇ قىلد-

قىدىن رەنجىپ:

— ئەپەندىم، باغلاقلىق كالىنى نىمىشقا ئۇرىسىز؟ — دېسە، ئەپەندىم:

— موزايغا ئانىسى ئۆگەتمىگەن بولسا ئارقان ئۈزۈشنى نەدىن بىلەتتى، ھەممە گۇناھ ئانىسىدا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## كونا كېپەن، كونا گۆر

بىر كۈنى ئەپەندىم ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ:

— ھەي نۇردىرەم، ئەگەر مەن ئۆلسەم، كونا ماتادىن كېپەن قىلىپ، كونا گۆرگە كۆمۈڭلار، — دەپتۇ. ئوغلى ھەيران بولۇپ:

— نېمە ئۇچۇن ئۇنداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— ھەي نادان بالا، كېپەنمۇ كونا، گۆرمۇ كونا بولسا، مۇنكىر - نەكىر بۇ سورالغان جەسەت ئىكەن، دەپ كېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ياخشى شەھەر

ئەپەندىم بىر شەھەرگە بېرىپتۇ، بازاردا كېتىۋېتىپ، تەۋەڭلەردە دۆۋىلەكلىك تۇرغان سامسىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئەپەندىم سوراپ ئولتۇرمايلا

سامسا يېيىشكە كىرىشىپتۇ. سامسىپەزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى كۆسەي بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئەپەندىم:

— پاھ، پاھ، نېمىدېگەن ياخشى شەھەر بۇ! سامسىپەزلىرى سامسىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ يېگۈزىدىكەن، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

## ئۆزۈممىكىن دەپتىمەن

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەپەندىم بازاردا كېتىپ بارسا، بىر ئادەم ئۇنىڭغا دۈچ كېلىپ قاپتۇ. ئەپەندىم دەرھال قول ئۇزىتىپ كۆرۈشمەكچى بوپتۇ، ھېلىقى كىشى ئەپەندىمنى تونۇمىغانلىقتىن، تارتىنىپ بوشلا كۆرۈشۈپتۇ.

— سورىغاننىڭ ئەيىبى يوق، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپتۇ ئەپەندىم. ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ:



— مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلمىسىڭىز، نېمىشقا قول ئۇزىتىپ كۆرۈشتىڭىز؟ — دەپتۇ. ئەپەندىم:

— قارىسام، بويىڭىز بويۇم بىلەن تەڭ، چاپىنىڭىز چاپىنىم بىلەن ئوخشاش تۇرىدۇ، شۇڭا سىزنى ئۆزۈممىكىن، دەپ قول ئۇزىتىپتىمەن، — دەپتۇ.

## تۆت ئاياغلاپ قېچىش

ئەپەندىم پادىشاھقا تارتۇق ئۈچۈن پىشۇرۇلغان غازنى ئەكېتىۋېتىپ يولدا ئۇنىڭ بىر پاچىقىنى يەپ قويۇپتۇ. پادىشاھ غازنى كۆرگەندىن كېيىن:

— كەلتۈرگەن سوۋغىتىڭىزنىڭ بىر ئايىغى يوققۇ، ئەپەندىم؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم ئىككىلەنمەستىن:

— بۇ يىلقى غازلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاياغلىق ئىكەن، — دەپ، ھويلىدا بىر ئايىغىنى يىغىۋېلىپ، بىر ئايىغى بىلەن تۇرغان غازلارنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ خىزمەتچىسىگە غازلارنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ قوغلىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچىسى بېرىپ كالتەكنى شىلتىغان ھامان غازلار ئىككى ئاياغلاپ قېچىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ غازلارنى ئەپەندىمگە كۆرسىتىپ:

— قاراڭ، غازلار ئىككى ئاياغلاپ قېچىۋاتىدۇغۇ، سىز نېمىشقا يالغان گەپ قىلىسىز؟ — دەپتۇ.

— ئەگەر، — دەپتۇ ئەپەندىم پادىشاھقا، — ئاشۇ

كالتەك بىلەن سىزنى ئۇرغان بولسا، جان ئاچچىقىڭىزدا ئىككى ئاياغلىماق تۇگۇل تۆت ئاياغلاپ قاچقان بولاتتىڭىز.

## ھەر كۆرگەندە ئەسلەپ تۇرىمەن...

ئەپەندىمنىڭ قولىغا چىرايلىق ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن بىر سودىگەر ئاغىنىسى ئەپەندىمگە:

— سىز بىلەن مەن قەدىناس ئاغىنە. يېقىندا سودىگەرچىلىك بىلەن سىرتقا چىقماقچىدىم، سىزنى سېغىنىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، شۇڭا ئۈزۈكىڭىزنى ماڭا ھەدىيە قىلسىڭىز، سىزنى سېغىنغاندا ئۈزۈكنى كۆرسەم، سىزنى كۆرگەندەك بولۇپ قالاتتىم، — دەپتۇ.

— مەنمۇ سىزنى سېغىنىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم ھېلىقى كىشىگە، — ياخشىسى، ئۈزۈك ئۆزۈمدە قېلىۋەرسۇن، ھەر قېتىم ئۈزۈكنى كۆرگەندە، ئاغىنەم سورىغىنىدا بەرمىگەندىم، دەپ سىزنى ئەسلەپ تۇرىمەن.

## قەيەرگە ماڭدىڭىز

بىر كېچىسى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ، بار-يوقىنى بوپلاپ كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئوغرىلار ئىشىكتىن چىقىشىغا، ئەپەندىم ئۆيدىكى قالغان-قاتقان نەرسىلەرنى

يىغىشتۇرۇپ ئوغرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ئەپەندىمنى كۆرگەن ئوغرى:

— بۇ كېچىدە قەيەرگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— خۇداغا مىڭ شۈكۈر، ئات - ئۇلاغ يوق ئۆي كۆچەلمەي يۈرگەنىدىم، ياخشىمۇ سىلەر كۆچۈرۈپ قويىدىغان بولدۇڭلار، — دەپتۇ.

## پۇلى يوقنىڭ گېپى توك

مەھەللىنىڭ بېيى ئەپەندىمنىڭ بىر قويىنى ئۆز قويىغا قوشۇۋاپتۇ. ئەپەندىم قويىنى سوراپ بارسا، باي: «قوي ئۆزۈمنىڭ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. قازىغا بېرىپمۇ ئەپەندىم گېپىنى ئاقتۇرالماپتۇ. باي ئەپەندىمنى زاڭلىق قىلىپ:

— تولا ئاۋارە بولماڭ، گېپىڭىزنى ئاقتۇرالمايسىز، پۇلى بارنىڭ گېپى ئوك، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئەپەندىم باينىڭ بەش قويىنى ھەيدەپ كېلىپ سولىۋاپتۇ. باي سوراپ كەلسە، ئەپەندىم باينى تازا يامان تىللار بىلەن تىللاپ، رەسۋا قىپتۇ. باي:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلىق؟ — دېسە، ئەپەندىم:

— شۇنداق، باي جانابلىرى، پۇلى يوقنىڭ گېپى توك ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## سەجدە

يېزا ئاقساقاللىرى ئەپەندىمگە نۇرغۇن ھەق بېرىشنى ۋەدە قىلىشىپ، ئۇنى يېزىغا ئىماملىققا ئاچىقىپتۇ. لېكىن، بىر ـ ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتسىمۇ، ئەپەندىمگە ئىماملىق ھەققىنى بېرىشمەپتۇ. بىر كۈنى ئەپەندىم نامازخانلارغا ۋەز ئېيتىپ:

ــ كىمدەكىم ئىمامنىڭ ئىجازىتىسىز سەجدىدىن باش كۆتۈرسە، ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق بولىدۇ، ــ دەپتۇ ۋە ئەتىسى بامدات نامىزىدا سەجدىگە باش قويغىنىچە يېتىۋېرىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ يېنىدىكى بىر كىشى:

ــ ئەپەندىم، ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟ نېمىشقا باش كۆتۈرمەيسىز؟ ــ دەپ سوراپتىكەن،

ــ ئىماملىق ھەققىنى بۈگۈنلا يىغىپ بېرىشكە قەسەم ئىچمىگۈچە، ياتقىنىم ياتقان، ــ دەپتۇ ئەپەندىم.

## كالىنى ئۆزۈم ئالىمەن

بىر كۈنى ئەپەندىم كالىسىنى بازارغا ئاچىقىپ، خېرىدارلارغا:

ــ بۇ كالىدىن تازىمۇ تويدۇم، تۇغۇپ ئالتە ئاي بولاي ـ بولمايلا سۈت بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر كىشى تۇتۇپ تۇرمىسا، ساغقۇزمايدۇ، يامانلىقىدىن بۇ يىلمۇ قىسىر قال-

دى. قېنى ئېلىڭلار، — دەپ ۋايساپتۇ. ئەپەندىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان خېرىدارلار كالىغا قاراپمۇ قويماپتۇ. ئەپەندىمنىڭ كالىسىنى ساتالمىغانلىقىنى كۆرگەن بىرى:

— ئەپەندىم، بۇنداق قىلسىڭىز كالىنى ساتالمايسىز، ئەكېلىڭ مەن سېتىپ بېرەي، — دەپ كالىنى ئاپتۇ، كەلگەن خېرىدارغا ماختاشقا باشلاپتۇ:

— بۇ قالتىس سۈتلۈك كالا، بىر قېتىمدا بىر چېلەك سۈت بېرىدۇ، يىل ئاتلىماي تۇغىدۇ، ئۆزى ياۋاش.

بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئەپەندىم:

— هوي، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئەكەل، كالىنى ئۆزۈم ئالىمەن، — دەپ كالىنى بىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ يېتىلەپ كېتىپتۇ.



## بالىلارنىڭ تەلپى

بىر كۈنى مەدرىسىنىڭ خەلپىتى بالىلارنى باشلاپ يامغۇر تىلەشكە چىقىپ كېتىپ بارغىنىدا، ئەپەندىم يولۇقۇپ قاپتۇ.

— خەلپىتىم، بالىلارنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— بالىلارنىڭ تەلپى ئىجابەت بولىدۇ دەيدۇ، يامغۇر تىلەشكە ماڭدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خەلپەت.

— سادda ئىكەنسىز، ئەگەر بالىلارنىڭ تەلپى ئىجابەت

بولسا، ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىڭىز! — دەپتۇ ئەپەندىم.

## تۆت ئاياغلىق قازى

بىر كۈنى شەھەر قازىسى ئەپەندىمنى زاڭلىق قىلىپ دەپتۇ:

— ئەپەندىم، سىزگە بىرنەرسە ئىككى بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، ئەقلىڭىز جايىدىمۇ ئۆزى؟

— راست، تەقسىر، هازىر سىلىمۇ ماڭا تۆت ئاياغلىق بولۇپ كۆرۈنىۋاتىدىلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## نىمە قالىدۇ

ئەپەندىم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، مۇئەللىم ئۇنىڭدىن:

— ئەپەندىم، تۆتتىن تۆتنى ئالسا قانچىسى قالىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم جاۋاب بېرەلمەپتۇ. مۇئەللىم ئاچچىقلاپ:

— هوي شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ يانچۇقۇڭدا تۆت تەڭگەڭ بولسا، شۇ تۆت تەڭگە چۈشۈپ قالسا، يانچۇقۇڭدا نىمە قالىدۇ؟ — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

— مۇئەللىم، تاپتىم، پۇل چۈشۈپ قالغان تۆشۈك قالدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ۋەزىر ۋە ئېشەك

ئەپەندىم بازاردا كىشىلەرگە «مېنىڭ ئېشىكىم ۋەزىردىن ئەقىللىق» دەپ گەپ تارقىتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋەزىر پادىشاھقا ئەرز ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كەپتۇ-دە:

— ئەپەندىم، بىھۇدە گەپلەرنى قىلىپ مېنىڭ ۋەزىرىمنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرۈپسىز. ئېشىكىڭىزنىڭ ۋەزىرىمدىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە ئىسپات كۆرسىتىڭ، بولمىسا سىزنى زىندانغا تاشلايمەن، — دەپتۇ. ئەپەندىم پادىشاھقا:

— ئىسپاتىم بار، ئېشىكىم كېتىۋېتىپ پۇتىنى كۆۋرۈكنىڭ تۆشۈكىگە تىقىۋالغانىدى، ئاران چىقىرىۋالدىم. شۇنىڭدىن بېرى ئېشىكىم ئاشۇ كۆۋرۈكتىن بەكمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆتۈپ كېلىۋاتىدۇ. ۋەزىرىڭىزچۇ؟ خەزىنىگە قول تىقىپ ئون قېتىم شەرمەندە بولغان بولسىمۇ، ئېھتىيات قىلىشنى بىلمەي، يەنىلا خەزىنىگە قول تىقىپتۇ. ئەگەر ۋەزىرىڭىزنىڭ ئېشىكىمچىلىك ئەقلى بولسا، ئاللىقاچان قولىنى تارتقان بولاتتى، — دەپتۇ.

## نەملىك ۋە نان

ئەپەندىم ئۇزۇن يولدىن ھېرىپ كېلىپ بىر خەسىس تونۇشىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. تونۇشى:

— ئەپەندىم، يولدىن ئۇسساپ كەلگەنسىز، بۇ بىر پىيالە سوغۇق سۇنى ئىچىپ، ئۇخلاپ ھاردۇقىڭىزنى چىقىرىۋېلىڭ، — دەپ بىر چىنە سۇ ئەكىرىپ بېرىپتۇ.

— بۇرادەر، يولدا ھېرىپ كېتىپ بىر كۆلنىڭ بويىدا ئۇخلاپ نەم تارتىپ قاپتىمەن، ياخشىسى، بىر نان بەرسىڭىز، شۇ نەملىكنى سۈمۈرۈۋالاتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## بۇيرۇققا بىنائەن

ئەپەندىم ئوردىدا مۇلازىملىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— ئەپەندىم، پەملىكرەك بولسىڭىز بولمامدۇ، مەن بىر ئىشقا بۇيرۇسام، مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىمۇ پۈتتۈرۈپ كېلىڭ! — دەپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئاغرىپ قېلىپ، ئەپەندىمنى تېۋىپ چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم تېۋىپ چاقىرىش بىلەن بىللە، كېپەنلىك ماتا، تاۋۇت ئېلىپ، ئىمامنىمۇ قوشۇپ چاقىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— سىزنى تېۋىپكە ئەۋەتسەم، بۇ نەرسىلەرنى نېمىشقا ئەكەلدىڭىز؟ — دەپ كايىپتۇ.

— بۇيرۇقلىرى بويىچە، پادىشاھئالەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — ھەزرەتلىرى بۇيرۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ كېلىشنى تاپىلىغانىدىلە، شۇنىڭغا بىنائەن، ئاغرىقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىمۇ پۈتتۈرۈپ كەلدىم.

## قازىنىڭ نەزرى

بىر كۈنى يېزا بېگى پۈتۈن يېزىغا: «يېزىمىزغا قازى ئاخۇنۇم كەلدى، ھەممە ئادەم تۇتۇن بېشىغا ئالدى قوي، تاپالمىغىنى توخۇ بولسىمۇ ئۆشرە ـ زاكات تاپشۇرۇپ قازىنىڭ نەزرىگە سازاۋەر بولسۇن» دېگەن پەرمانىنى چىقىرىپتۇ. ئەپەندىم پەرمانىنى ئوقۇپ، تۆت تۇخۇمنى ياغلىققا تۈگۈپ، قازىنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن قوشنىسى:

— ئەپەندىم، بۇ نېمىڭىز، ھېچبولمىسا توخۇ بولسىمۇ ئاپارمىسىڭىز، قازىنىڭ نەزرىدىن چۈشۈپ كېتىسىز، — دەپتۇ.

— قىزىقكەنسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم، — قازىنىڭ نەزرىدىن سۇنۇق ياماق چۈشمەيدۇيۇ، پۈتۈنسۈرۈك بىر ئادەم چۈشۈپ كېتەمدۇ؟!

## تام دال بولالامدۇ

ئەپەندىم شەھەر قازىخانىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، كىشىلەر قازىخانىنىڭ تېمىغا كۆمىلاچ ئېتىپ، ئۇنى ئېگىزلىتىۋاتقانىكەن.

— تامنى ئېگىزلىتىپ نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— ئوغرى كىرمىسۇن، دەپ تامنى ئېگىزلىتىۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كىشىلەر.

— بىھۇدە ئىش قىلىۋېتىپسىلەر، — دەپتۇ ئەپەندىم ئۇلارغا، — ئوغرىنىڭ چوڭى تامنىڭ ئىچىدە تۇرسا، ئۇنىڭغا ئېگىز تام دال بولالامدۇ؟

## قانداق كەلسە، شۇنداق ئۇرۇش

ئەپەندىم بىر كۈنى پالتا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىدا، ئالدىدىن بەگنىڭ ئىتى چىقىپ ئەپەندىمگە ئېتىلىپتۇ. ئەپەندىم پالتا بىلەن ئىتنى كېلىشتۈرۈپ سايپتۇ. ئىت تىن تارتماي ئۆلۈپ قاپتۇ. بەگ چىقىپ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئىتىمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپسىزغۇ؟ ھېچبولمىسا، پالتىنىڭ سىپى بىلەن ئۇرسىڭىز بولمامدۇ! — دەپتۇ.

— ئىتىڭىز بىشچە كەلدى، شۇڭا پالتىنىڭ بېشى

بىلەن ئۇردۇم. ئىتىڭىزمۇ قويرۇقچە كەلگەن بولسا، پالتىنىڭ سېپى بىلەن ئۇراتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئايالنىڭ گېپى

قازى ھەر قېتىم ۋەز ئېيتقان چېغىدا: «ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، ھەرگىز ئايالنىڭ گېپىگە كىرگۈچى بولماڭلار» دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— قازى ئاخۇنۇم، ئايالىمنىڭ گېپىگە كىرگىنىم ياخشىمۇ، كىرمىگىنىم ياخشىمۇ؟

— ئايالنىڭ گېپىگە ھەرگىز كىرگۈچى بولماڭ، — دەپتۇ قازى.

— بۈگۈن ئايالىم بورداۋاتقان ئىككى قوينىڭ بىرىنى قازىغا بېرەيلى دېۋىدى، خەيرىيەت، ھېلىمۇ ياخشى گېپىگە كىرمەپتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم ۋە دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ. قازى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ئەپەندىم، سەۋر قىلىڭ، — دەپ ئەپەندىمنى توختىتىپتۇ، — ئايالنىڭ گېپىگە بەزىدە كىرىپ قويغانمۇ تۈزۈك!

— توغرا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — قازىنىڭ گېپىگىمۇ بەزەن كىرمىگەن تۈزۈك!

## خىجىللىقىمدىن يەيمەن

بىر كۈنى ئەپەندىم ئاغىنىسى بىلەن بىللە پولۇ ئېتىپ يېمەك بوپتۇ. ئاغىنىسى ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، سەۋزە قەلەم قىلىشنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— سەۋزە، پىياز قورۇشنىچۇ؟

— ياق، ئۇنىمۇ بىلمەيمەن.

— ئۇنداقتا ئاش دەملەشنىچۇ؟

— دەملەشنىمۇ بىلمەيتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم. ئاغىنىسى ئاشنى پىشۇرۇپ تاۋاقتا ئۇسۇپ ئەكې-



تۇ ۋە:

— ئەپەندىم، ئاش يېيىشنىمۇ بىلمەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاش يېيىشنىغۇ بىلمەيتتىم، بىراق سىزدىن خىجىل بولغانلىقىمدىن يەيمەن ـ دە، — دەپ ئىشتىھا بىلەن ئاش يېيىشكە كىرىشىپتۇ ئەپەندىم.

## ئىككى ئېشەكنىڭ يۈكى

بىر كۈنى پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئوۋغا چىققاندا ئەپەندىمنىمۇ بىللە ئاچىقىپتۇ. يولدا ئۇلار ئىسسىپ كېتىپ، چاپانلىرىنى يېشىپ ئەپەندىمگە ئارتىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقان ئەپەندىمگە قاراپ:

— ئەپەندىم، ئۈستىڭىزدىكى بىر ئېشەكنىڭ يۈكى بوپتۇ، — دەپ زاڭلىق قىپتۇ.

— يوقسۇ، تەقسىر، ئۈستۈمدىكى ئىككى ئېشەكنىڭ يۈكى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## تەتۈر مەخلۇق

يېزىنىڭ جاھىل، مۇتتەھەم بىر بېيى سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى سۇغا چۈشكەن يېرىنىڭ تۆۋەنرەك تەرىپىدىن ئىزدەۋاتقاندا، ئەپەندىم كېلىپ قاپتۇ:

— تۆۋەندىن ئىزدەپ بىكار ئاۋارە بوپسىلەر، — دەپتۇ ئەپەندىم كىشىلەرگە، — يۇقىرى تەرەپتىن ئىزدەڭلار. تىرىكلىكىدە تازىمۇ تەتۇر مەخلۇق ئىدى، سۇغا چۈشكەندىمۇ تەتۇر ئاققان بولۇشى مۇمكىن.

## مۇشۇك ۋە گۆش

ئەپەندىم ئۆيىگە ئۈچ جىڭ گۆش ئەكىلىپ، خوتۇنىغا چۆچۈرە ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ. خوتۇنى گۆشنى شورپا سېلىپ يەۋېلىپ، ئەپەندىمگە سۇيۇقئاش ئېتىپ قويۇپتۇ. ئەپەندىم خوتۇنىدىن:

— نېمىشقا چۆچۈرە ئەتمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى:

— گۆشنى مۇشۇك يەپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەپەندىم دەررۇ مۇشۇكنى تارازىغا سېلىپ تارتسا، مۇشۇك ئۈچ جىڭ چىقىپتۇ. ئەپەندىم خوتۇنىغا قاراپ:

— خوتۇن، مۇشۇك ئۈچ جىڭ چىقتى، ئەگەر بۇنى مۇشۇك دېسەك، گۆش قېنى؟ ئەگەر بۇ گۆش بولسا، مۇشۇك قېنى؟ — دەپتۇ.

## پۇراققا جىرىڭ

ئەپەندىم بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدا ئوقەت قىلىپ ئولتۇرغان كۈنلەردە، ئاشپۇزۇلنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— ئەپەندىم، كۈندە ئاشپۇزۇلۇمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، پولۇ، مانتىنىڭ مەززىلىك پۇرىقىدىن قورسىقىڭىزنى تويدۇرۇپ يۈرىسىز، بۇنىڭ پۇلىنى تۆلەڭ!

— پۇراققىمۇ پۇل تۆلەمدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— مېنىڭ پولۇ، مانتىلىرىمغىلا ئەمەس، ئۇنىڭ پۇرىقىغىمۇ پۇل تۆلىتىمەن، بولمىسا قازىخانىغا بېرىپ سۆزلىشىمىز، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ئاشپۇزۇل ئىگىسى. ئۇ ئەپەندىمنى قازىخانىغا ئاپىرىپتۇ. قازى:

— خوش، ئەپەندىم، بۇ دەۋاغا نېمە دەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توغرا، — دەپتۇ ئەپەندىم قازىغا، — بۇ كىشىنىڭ تاماقلىرىنىڭ پۇرىقىدىن ئاغزىمغا سېرىقسۇ كەلگىنى راست. ئەمما، كۈندە مەن جىرىڭشىتىپ سانىغان تەڭگىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇ كىشىنىڭمۇ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە چۈشكىنى راست. پۇراققا جىرىڭ بېرىپ ئارىمىزدىكى ھېساب - كىتابنى تامام قىلغانىدۇق.

## پەم

ئەپەندىم ئېرىق بويىدا ئولتۇرغىنىدا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، پەمىڭىز بولسا، جاۋاب بېرىپ بېقىڭا، مۇشۇ ئېرىقتىكى سۇ نەچچە چېلەك چىقار؟

— ئەگەر چېلەك ئېرىقچىلىق بولسا، بىر چېلەك چى-
قىدۇ. چېلەك ئېرىقنىڭ يېرىمچىلىك بولسا، ئىككى چې-
لەك چىقىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئالاقىسى زور

بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، يۆتەل بولۇپ قالدىم، قانداق دورا ئىچ-
سەم بولار؟

ئەپەندىم بىرئاز ئويلاپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— سۈرگە ئىچىڭ.

— سۈرگىنىڭ يۆتەلگە نېمە ئالاقىسى بار؟

— ئالاقىسى زور، سۈرگە ئىچسىڭىز، يۆتىلىشتىن
ئېھتىيات قىلىسىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئىسمىڭدىن بىلدىم

ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە بىر تونۇشى كەلسە، ئەپەندىم ئۆ-
يىدە يوق ئىكەن. تونۇشى ئەپەندىمنىڭ ئىشىكىگە «ئېشەك»
دەپ يېزىپ قويۇپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەپەندىم تونۇشىنى بازاردا ئۇچرى-
تىپ:

— ئاغىنە، ئاخشام ئۆيگە بېرىپتىكەنسىز، مەن يوق

بولۇپ قاپتىمەن، ــ دەپتۇ.

ــ نەدىن بىلدىڭىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ تونۇشى.

ــ ئىشىكىمگە يېزىپ قويغان ئىسمىڭىزدىن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئۇ دۇنيادا

ئەپەندىم ياش كۆنلىرىدە، بىر ئادەم ئۇنى تىرىكتۇرمەكچى بولۇپ:

ــ ئەپەندىم، ئانىڭىز رەھمەتلىك ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، ئۆزۈم ئېلىپلا، سىزنى ئوغۇل قىلىۋالاتتىم، ــ دەپتۇ.



— ھازىرمۇ كەچ ئەمەس، — دەپتۇ ئەپەندىم دەرھال، — ئەتىلا جىنازا نامىزىڭىزغا ئادەم چاقىرىڭ، ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن جىنازىڭىزنى ئۇزىتىپ قويىمەن، تويىنى ئۇ دۇنيادا قىلىۋالارسىلەر.

## ئەزرائىل قورقىدۇ

ئەپەندىم قاتتىق ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇنى بىر ئاغىنىسى يوقلاپ كەپتىكەن، ئۇنىڭدىن دەرۋازا ئۇستىگە شەھەر ھاكىمىنىڭ ئىسمىنى يوغان قىلىپ يېزىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئاغىنىسى ھەيران بولۇپ:

— بۇنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەلەپمۇ قىل، سەۋەبمۇ قىل، دەپتىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — ھاكىمنىڭ پەيلىدىن ئەزرائىلمۇ قورقىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى كۆرسە ئەزرائىل قورقۇپ ئۆيگە كىرمەي كېتىپ قالار.

## شەھەرگە بېرىشقا ۋاقتىم يوق

ئەپەندىمنىڭ بىر يېزىلىق ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن شەھەردىكى دوستىغا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

— جىنىم بىلەن يېزىپ بېرەتتىم، بىراق شەھەرگە بېرىشقا ۋاقتىم يوق، — دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ ئەپەندىم. ئاغىنىسى:

— ئەپەندىم، سىزنى شەھەرگە بېرىڭ دېگىنىم يوق، خەت يېزىپ بېرىڭ دەۋاتىمەن، — دېسە،

— رەنجىمەڭ، ئاغىنە، مەن يازغان خەتنى ئۆزۈمدىن باشقا ئادەم ئوقۇيالمايدۇ. سىزگە خەت يېزىپ بەرسەم، ئاغىنىڭىزگە ئۆزۈم بېرىپ ئوقۇپ بەرسەم بولىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## قوش ھەق تۆلەش



ئەپەندىم مۇنچىغا چۈشۈپتىكەن، مۇنچىچى ئەپەندىمنى نەزەرگە ئىلماي ئەسكى داس، يىرتىق لۆڭگە بېرىپتۇ. ئەپەندىم يۇيۇنۇپ بولۇپ، باشقىلاردىن كۆپرەك ھەق تۆلەپ چىقىپ كېتىپتۇ. مۇنچىچى قىلغان ئىشى ئۈچۈن پۇشايمان قىپتۇ.

ئىككىنچى قېتىم ئەپەندىم يەنە شۇ مۇنچىغا چۈشۈپتۇ. بۇ نۆۋەت مۇنچىچى ئەپەندىمنى ئىززەتلەپ، يېڭى داس، يېڭى لۆڭگە بېرىپتۇ. لېكىن، ئەپەندىم ھەق تۆلىمەي مۇنچىدىن چىقىپتۇ.

— ئەپەندىم، — دەپ ۋارقىراپتۇ مۇنچىچى ئەپەندىمنىڭ كەينىدىن، — ھەق تۆلەش يادىڭىزدىن چىقتىمۇ؟

— يوقسۇ، ئۆتكەن قېتىم قوشلاپ ھەق تۆلىگىنىم ھازىرقىدەكلا يادىمدا، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## ھۇۋقۇش نېمە دەيدۇ

ئەپەندىم «قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىمەن» دەپ يۈرگەن كۈنلىرىدە پادىشاھ ئۇنى بىللە ئوۋغا ئاچىقىپتۇ. يولدا ئۇلارغا بىر خارابىدە سايراپ تۇرغان ھۇۋقۇش ئۇچراپتۇ. پادىشاھ ئەپەندىمدىن:

— ئېيتىڭا قېنى، ئەپەندىم، ھۇۋقۇش نېمە دەۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— ھۇۋقۇش پادىشاھنىڭ زۇلمى مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، ئاز كۈندە شەھەرمۇ مېنىڭ ماكانىمغا ئايلىنىدۇ، دەۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



## ھېكمەتلىك سۆز

ئەپەندىم ھامماللىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە ھاممال بازىرىغا بىر كىشى كېلىپ:

— بىر ساندۇق چىنە ـ قاچام بار، كىم ئۆيۈمگە يەتكۈزۈپ بەرسە، ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

باشقا ھامماللار: «قۇرۇق گەپكە مۈشۈك ئاپتاپقا چىقامدۇ» دەپ ئۇنىماپتۇ. ئەپەندىم، پۇل دېگەن تېپىلىدۇ، ئەقىل تېپىلمايدۇ، ھېكمەتلىك گەپنى ئاڭلاپ ئەقلىمنى ئاشۇراي، دەپ ئويلاپ ماقۇل بوپتۇ.

ئەپەندىم ساندۇقنى كۆتۈرۈپ يېرىم يولغا بارغاندا:

— قېنى، ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلايلى، — دەپتۇ.

— سىزگە بىرى «توقلۇقتىن ئاچلىق ياخشى» دېسە، ھەرگىز ئىشەنمەڭ! — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— پاھ ـ پاھ، تازىمۇ ياخشى گەپ ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم ۋە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، — قېنى، ئەمدى ئىككىنچىسىنى ئاڭلايلى، — دەپتۇ.

— ئەگەر سىزگە بىرى «ئاتلىق يۈرگەندىن پىيادە يۈرگەن ياخشى» دېسە، ئۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەڭ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— ۋاھ، ۋاھ، بۇ گېپىڭىز تېخىمۇ مەنىلىك ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم. يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئەپەندىم

ئۇچىنچى ھېكمەتلىك سۆزنى سوراپتۇ.

— ئۇچىنچىسى شۇكى، — دەپتۇ چىنە - قاچا ئىدگىسى، — سىزگە بىرى دۇنيادا سەندىنمۇ ئەخمەق ھامال بار دېسە، ھەرگىز ئىشەنمەڭ!

ئەپەندىم مۆرىسىدىكى ساندۇقنى يەرگە تاشلىۋېتىپ:

— سىزگىمۇ بىرى ساندۇق ئىچىدىكى چىنە - قاچىلار سۇنمىدى دېسە، ھەرگىز ئىشەنمەڭ، — دەپتۇ - دە، كېتىپ قاپتۇ.

## ئالما كۆچىتى

ئەپەندىم ھويلىسىغا ئالما كۆچىتى تىكىپتۇ. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇنى ئۆيگە قومۇرۇپ ئەكىرىپ، ئەتىگىنى يەنە ئاچىقىپ تىكىپ قويىدىكەن. بۇنى كۆرگەن قوشنىسى:

— ئەپەندىم، ئاخشىمى كۆچەتنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سورىسا،

— «ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما» دېگەن مۇشۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## خۇشاللىق كۈن

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمنى چاقىرتىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلىنىپ، پۇقرالار ئارىسىدا بولغانسىز، پۇقرالىرىمىزنىڭ

ئەڭ خۇشاللىق كۈنى قايسىكەن؟

— مېنىڭ بىلىشىمچە، پۇقرالارنىڭ ئەڭ خۇشاللىق كۈنى ھەزرەتلىرى جەننەتكە يول ئالغان كۈن ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## چۈشۈشكە يارىشا چىقىش

ئەپەندىم بالىخانا ئۆيىدە دەم ئېلىپ ياتقىنىدا بىر قوشنىسى ھويلىدىن ۋارقىراپتۇ:

— ھەي ئەپەندىم، بارمۇ سىز؟

ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خوش، نېمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ.



— بۇ ياققا چۈشۈڭچۇ، گەپ بار ئىدى.

ئەپەندىم بالىخانىدىن چۈشۈپ قوشنىسىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، قوشنىسى:

— ئەپەندىم، سۈتىڭىز بولسا بىر چىنە سۈت بېرىپ تۇرسىڭىز ئىكەن، — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم «يۇرۇڭ» دېگىنىچە قوشنىسىنى بالىخانىغا باشلاپ چىقىپ:

— بۈگۈن موزاي ئېمىپ قويۇپتۇ، ئۆيدە بىر قوشۇقمۇ سۈت يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قوشنىسى رەنجىپ:

— بالىخانىغا باشلاپ چىققۇچە، ھويلىدىلا مۇشۇ گەپنى دېسىڭىز بولمايتتىمۇ! — دەپتۇ.

— سىزمۇ مېنى تۆۋەنگە چاقىرىپ چۈشكۈچە، ھويلىدا تۇرۇپلا سۈت سورىسىڭىز بولمايتتىمۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — چۈشۈشكە يارىشا چىقىش دېگەن مۇشۇ.

## ئىشىكتىن چىقىپ كېتەي

ئەپەندىم ياشلىق چاغلىرىدا بىر باغقا تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ تويغۇچە ئۈزۈم يەپتۇ. ئەمدى تامدىن ئارتىلىپ چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، باغنىڭ ئىگىسى كۆرۈپ قېلىپ، ئەپەندىمنى تۇتۇۋاپتۇ:

— ئەپەندىم، تامدىن ئارتىلىپ باغقا چۈشسىڭىز سەت

ئەمەسمۇ؟ ! ــ دەپتۇ.

ــ تامدىن چۈشكىنىمگە ئاچچىقىڭىز كەلگەن بولسا، ئىشىكتىن. چىقىپ كېتەي، ــ دەپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىپتۇ ئەپەندىم.

## تارتىنچاق نان

ئەپەندىم بىر باينىڭ ئۆيىگە بارسا، باي ئۇنىڭغا زاغرا بىلەن ئەتكەنچاي بېرىپتۇ. ئەپەندىم چىنىسىگە زاغرىدىن بىرنەچچە پارچە سالسا، زاغرا چىنىنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. باي ئەپەندىمنىڭ چىنىسىگە قاراپ:

ــ ئەپەندىم، چىنىگە نان سېلىڭ، تارتىنماڭ ! ــ دەپتۇ.

ــ نانغۇ سالغانىدىم، بىراق نېنىڭىز تارتىنچاق ئىكەن، ئىزا تارتىپ چىنىنىڭ ئاستىغا چۆكۈۋالدى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن

بىر كۈنى ئەپەندىم چوڭ ئېرىق ياقىسىدا پۇت - قولىنى سۇنۇپ خوددى ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ ياتسا، بىر كىشى كېلىپ سوراپتۇ:

ــ ئەپەندىم، بۇ ئېرىقنىڭ نەرىدىن ئۆتۈشكە بولىدۇ؟

— مەن تىرىك ۋاقتىمدا ئاۋۇ يېرىدىن ئۆتەتتىم، ئۆلگەندىن كېيىن قەيىرىدىن ئۆتۈشنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايـ مەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## باغاق

ئەپەندىمنىڭ قوشنىسى توي قىلىپ، ئەپەندىمگە باغاق تارقىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئەپەندىم پۈتۈن شەھەردە تەكەببۇرلۇقى بىلەن داڭق چىقارغان بىر باينىڭ باغىقىنى ئېلىپ بېرىپتىكەن، باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ كايىپتۇ:

— باغاق ئەكىلىشكە سىزدىن ياخشىراق ئادەم تېپىلـ ماپتىمۇ؟

— ياخشىراق ئادەملەرمۇ بار ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — بىراق ئۇلار ياخشىراق ئادەملەرنىڭ باغىقىنى ئەكېتىپتۇ.

## نەدىن بىلىسلەر

ئەپەندىم ياش باللار ئارىسىدا ماختىنىشقا باشلاپتۇ:

— ياش ۋاقتىمدا قالتىس چەۋەنداز ئىدىم. بىر كۈنى سىلىم بەگنىڭ هويلىسىغا كىرسەم، بىر توسۇن ئات هويـ لىدا قىچىپ يۈرۈپتۇ، هېچكىم يېنىغا كېلەلمەپتۇ يا يۈگەن سالدۇرماپتۇ، يا توقۇم. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، يۈگۈرۈپ

بىرىپ قولىقىدىن تولغاپ سەكرەپلا مىنىۋالدىم. خۇدايىم بار، ئات ئېلىپ قاچسا بولمامدۇ. مەنمۇ يالىدىن مەھكەم تۇتۇپ مىختەك ئولتۇردۇم. بىر ۋاقىتتا قارىسام، ئىككى تېرەك بويى كېلىدىغان يار لېۋىگە كېلىپ قاپتىمەن. ئۇ زەڭگىگە تېپىپ تۇرۇپ، تىزگىنىنى بىر تارتىپتىكەنمەن، ئاتمۇ شىپپىدە توختىدى، بولمىسا، ئۆزىنى يارغا تاشلىدىماقچىكەن...

باللاردىن بىرى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ھازىرلا يۇگەن - توقۇمسىز ئات دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— ھوي، ئۇ ۋاقىتلاردا سىلەر تېخى كىچىك، — دەپتۇ ئەپەندىم، — يۇگەن - توقۇملۇق ئاتمۇ، ياۋىداق ئاتمۇ، نەدىن بىلىسىلەر!

## گەپ سەللىدە بولسا...

بىر كۈنى ئەپەندىم يوغان سەللە ئوراپ مەسچىتتىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، يولدا ئۇچرىغان بىرى ئەپەندىمگە بىر خەتنى سۇنۇپ ئوقۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

— خەت تونۇمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— شۇنچە يوغان سەللىڭىز تۇرۇپ خەت تونۇمىغىنىڭىز قىزىق! — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

ئەپەندىم بېشىدىكى سەللىنى ئېلىپ ھېلىقى كىشىگە سۇنۇپتۇ ـ دە:

— گەپ سەللىدە بولسا، قېنى ئۆزىڭىز ئوقۇپ كۆرۈڭ، — دەپتۇ.

## سۇغا غەرق بولىمىز

كىشىلەر ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كىشىلەر بىر تەرەپكە ماڭماي، نېمىشقا ھەر تەرەپكە ماڭىدۇ؟

— دۇنيا دېگەن لىڭشىپ تۇرغان بىر چوڭ قېيىق، كىشىلەر ھەر تەرەپكە مېڭىپ تەڭشەپ تۇرماي، بىر تەرەپكىلا ماڭسا، قېيىق دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كېتىپ، ھەممىمىز سۇغا غەرق بولىمىز، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## كەڭ گۆر

ئەپەندىم ئۆيىنىڭ تارلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلىپتىكەن، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ:

— ئەپەندىم، كۆڭلىڭىزنى ئانچە يېرىم قىلماڭ، بۇ دېگەن تۆت كۈنلۈك ئالەم، ئۆتۈپ كېتىدۇ. خۇدايىم ئۇ دۇنيالىق گۆرىڭىزنى كەڭ قىلسۇن! — دەپتۇ.

— خۇدايىم رەھىم قىلسا، مۇشۇ دۇنيادا كەڭ ئۆي بەرسۇن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئۇ دۇنيادا بېرىدىغان كەڭ گۆردە ئوغلاق تارتاتتىمۇ!

## ئىككى كۈن بۇرۇن ئۆلمەن

ئەپەندىم پادىشاھنىڭ سەركەردىسىگە چاقچاق قىلىپ: «ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلىسىز» دەپتۇ. دېگەندەك، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ سەركەردە ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىمنى ئوردىغا چاقىرتىپ:

— ئەپەندىم، سەركەردەمنىڭ ئۆلۈمىگە سىز سەۋەب بولدىڭىز، گۇناھىڭىزغا ئىقرارمۇ سىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوش، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— سەركەردەمنىڭ قايسى كۈنى ئۆلۈشىنى بىلىدىكەنسىزۇ، ئۆزىڭىزنىڭ قاچان ئۆلۈشىنىمۇ بىلەمسىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپ بىلەن. ئەپەندىم پادىشاھنىڭ يامان غەرىزىنى پەملەپ:

— بىلىمەن، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، — ئاخشام يۇلتۇزۇمغا قارىسام، ئۆزلىرىدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۆلىدىكەنمەن.

پادىشاھ ئۆز ئۆلۈمىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ ۋە ئەپەندىمنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپتۇ:

«خۇدا، ئەپەندىمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن!» دەپتۇ پىچىرلاپ.

## سىزمۇ ئۇيالماسسىز

ئەپەندىمدىن بىر كىشى ئېشەك سوراپ كەپتۇ. ئەپەندىم ئېشىكىنى بەرگۈسى كەلمەي:

— ئېشىكىم ئۆيدە يوق ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى ھاڭراپتۇ. ھېلىقى كىشى ئەپەندىمنىڭ يالغان ئېيتقىنىدىن رەنجىپ:

— ئەپەندىم، ئاپئاق ساقىلىڭىز بىلەن يالغان ئېيتىشتىن ئۇيالماسسىز! — دەپتىكەن، ئەپەندىممۇ دەرھال:

— ئاپئاق ساقىلىم بىلەن ئېيتقان مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەيسىزۇ، ئېشەكنىڭ گېپىگە ئىشىنىشكە سىزمۇ ئۇيالماسسىز! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## مىڭ لەنەت

ئەپەندىم بازارغا كېتىپ بېرىپ، بىر تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ۋە تاشنى «مىڭ لەنەت ساڭا!» دەپ تىللاپتۇ. شۇ پەيتتە ئەپەندىمنىڭ قارشىسىدىن چىقىپ قالغان ئىشان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، ئەپەندىمگە ئېسىلىپتۇ.

— سىز مېنى «مىڭ لەنەت» دەپ تىللىدىڭىز، يۇرۇك

قازىغا، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ئىشان ۋە ئەپەندىمنى سۆرىگىنىچە قازىخانىغا ئاپىرىپتۇ.

قازى دەۋانى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئىشانىمىزغا ھاقارەت قىلغىنىڭىز ئۈچۈن يېرىم تەڭگە جەرىمانە تۆلەيسىز» دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. قازىنىڭ ناھەق ھۆكمى ئەپەندىمگە ئەلەم قىپتۇ ۋە يېنىدىن بىر تەڭگە چىقىرىپ قازىغا ئۇزىتىپتۇ ـ دە:

— مېنىڭ لەنەت دېگەنگە يېرىم تەڭگە ئالىدىغان ئىشىڭىز بولسا، قالغان يېرىم تەڭگە ئۈچۈن سىزگىمۇ مېنىڭ لەنەت! — دەپتۇ.



## كىم ھاماقەت

ئەپەندىم پېشىن نامىزىغا كىرگەندە ئېشىكىنىمۇ مەسچىتكە ئەكىرىپ بوسۇغىغا باغلاپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىمام:

— ئېشەكنى مەسچىتكە ئەكىرىدىغان بۇ قانداق ھاماقەتلىك! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كىم ھاماقەت ئىكەن، تەقسىر؟ — دەپتۇ ئىمامغا، — سىزنىڭ بىر تەڭگىلىك كەشىڭىز مېھرابتا تۇرسا گەپ يوق، مېنىڭ بەش تىللالىق ئېشىكىم بوسۇغىدا تۇرسا ھاماقەتلىكمىكەن!

## سلەردىن ئۆگەنسە بولغۇدەك

بىر باي ئەپەندىمنى لەت قىلماقچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يېقىن كىشىلىرى بىلەن قوشۇپ ئەپەندىمنى ئۆيگە چاقىرىپتۇ ۋە قوغۇن تىلىپ ئەكىرىپتۇ.

باي ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى يېگەن قوغۇننىڭ شاپىقىنى ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا ئاستا ئىتتىرىپ قويۇپتۇ.

— بەللى، ئەپەندىم، — دەپتۇ باي قوغۇن يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، — ھەممە قوغۇننى ئۆزىڭىزلا يېگەن ئوخشىمامسىز !

— بىزمۇ قوغۇن يېدۇق دەپ يۈرۈپتۇق، قوغۇننى شاپىقى بىلەن قوشۇپ يېيىشنى سىلەردىن ئۆگەنسە بولغۇدەك، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## گۇناھ خالتىسى

ئەپەندىم پۇلدىن قىسىلىپ، ئۆيدىكى ئەسكى تۇلۇمنى «پۇۋ» دەپ كۆپتۈرۈپ، بازارغا ئاچىقىپتۇ. ئەپەندىم تۇلۇمنى ساتالماي ئولتۇرسا، بىر باي كېلىپ قېلىپ سوراپتۇ:

— تۇلۇمنى ساتامسىز؟

— بۇ تۇلۇم ئەمەس، گۇناھ خالتىسى، سېتىلىشقا بولمايدۇ !

— بولمىسا، نېمىشقا بازاردا تۇتۇپ ئولتۇرىسىز؟

— گۇناھكار بەندىلەرنى گۇناھتىن پاك قىلىش ئۈچۈن !
— قانداق قىلىپ گۇناھتىن پاك قىلىسىز؟
— ئاسان، — دەپتۇ ئەپەندىم، — گۇناھكار بەندىلەر گۇناھىنى تۇلۇم ئىچىگە پۈۋلەيدۇ ـ دە، گۇناھتىن پاكلىنىدۇ. ئەتىگەندىن بېرى بىرمۇنچە ئەقىللىق كىشىلەر گۇناھىنى تۇلۇم ئىچىگە پۈۋلەپ، گۇناھتىن ساقىت بولۇپ كەتتى. سىزنىڭمۇ ئەقلىڭىز كامىل بولسا، بىر تەڭگە بېرىڭ ـ دە، گۇناھتىن قۇتۇلۇڭ.
باي گۇناھتىن قۇتۇلىدىغان ئىشىم بولسا، بىر تەڭگە بەرسەم بېرەي، دەپ بىر تەڭگىنى ئەپەندىمگە بېرىپتۇ، ئاندىن تۇلۇمنى پۈۋلەشكە باشلاپتۇ. باي پۈۋلەۋاتقاندا، ئەپەندىم تۇلۇمنىڭ بىر چېتىنى باسقانىكەن، تۇلۇمدىكى يەل قايتىپ بايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. باي ھودۇقۇپ:
— بۇ قانداق بولغىنى، باشقىلارنىڭ گۇناھىمۇ مېنىڭ ئىچىمگە كىرىپ كەتتىغۇ ! — دەپ دادلاپتۇ.
— گۇناھىڭىز جاھىل ئىكەن، بىرلا پۈۋلىگەنگە چىقمايدىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بۇنىڭ چارىسىمۇ ئاسان. يەنە ئون تەڭگە بەرسىڭىز، تۇلۇمدىكى گۇناھلارنى ئېرىقىقا تۆكۈۋېتىپ، تۇلۇمنى ئۆزىڭىزگە بېرىمەن ـ دە، ئۆز گۇناھىڭىزنىمۇ، يات گۇناھلارنىمۇ ئارامخۇدا پۈۋلىۋالىسىز.
باي ماقۇل بولۇپ تۇلۇمنى ئون تەڭگىگە ئاپتۇ. ئەپەندىم تۇلۇمنى بوشىتىپ بايغا بېرىپتۇ ـ دە:
— ئەقلىڭىز كامىل ئىكەن، ئەمدى سىز دۇنيادىكى

بىردىنبىر گۇناھسىز باي بولىسىز، — دەپ، ئۆيىگە كېتىپتۇ.

## روزام بۇزۇلىدۇ

ئەپەندىم مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا شوخ ئىكەن. رامزان كۈنلىرى ئەپەندىم يەنە شوخلۇق قىپتىكەن، خەلپەتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۆزۈن چىۋىقنى قولىغا ئاپتۇ -دە، ئەپەندىمگە:

— جىم ئولتۇرامسەن، تاياق يەمسەن؟ — دەپتۇ.

— خەلپىتىم، جىم ئولتۇرىمەن، تاياق يېسەم، روزام بۇزۇلۇپ كېتىپ، خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## قىزىلئۆگكەچكە ئوت كەتكەندە...

ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ بىر سودىگەر دوستى كەپتۇ. ئەپەندىم ئۇنى چۆچۈرە بىلەن مېھمان قىپتۇ. قورسىقى ئاچقان سودىگەر قىزىق چۆچۈرىنى دەرھال ئاغزىغا ساپتۇ -دە، ئاغزى كۆيگەنلىكىنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن تورۇسقا قارىۋاپتۇ، بىرھازادىن كېيىن چاندۇرماي:

— ئەپەندىم، بۇ تورۇسنى قاچان ياپقان؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم دەرھال:

— قىزىلئۆڭگەچكە ئوت كەتكەندە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ياڭاق بولۇپ بەرگەننىڭ ھەققى

ئىككى بالا ئويناۋېتىپ بىر ياڭاق تېپىۋاپتۇ ۋە ئۇنى تالىشىپ سوقۇشۇپ قاپتۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە ئەپەندىم كېلىپ قېلىپ ۋەقەنى سورۇشتۇرۇپ ئۇققاندىن كېيىن، ياڭاقنى ئاپتۇ ـ دە، پىچاقنى بىلەن ئىككىگە ئاجرىتىپ، ئىككى بالىغا يېرىمدىن شاكالنى بېرىپتۇ ۋە ئۆزى مېغىزنى ئېلىپ:

— مانا بۇ سىلەرگە ياڭاقنى بولۇپ بەرگەن ھەققىم ئۈچۈن، ئەمدى سوقۇشماي ئوبدان ئويناڭلار، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

## دۇلدۇل

پادىشاھنىڭ ئۇچىدىغان دۇلدۇل مىنگۈسى كېلىپ ئەپەندىمدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— دۇلدۇل پەرۋىشكە باغلىق، ياخشى ئاتلىرىڭىزدىن بىرىنى تاللاپ، سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئون يىل پەرۋىش قىلساق، قانات چىقىرىپ دۇلدۇل بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ يۈرگەن پادىشاھ

ئەپەندىمنىڭ كېپىگە ئىشىنىپ:

— ئاتنىڭ پەرۋىشىگە نېمىلەر لازىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئارتۇق نەرسە كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بەش يۈز تىللا بىلەن ئون يىل پۇرسەت بەرسىڭىز كۇپايە.

پادشاھ ئەپەندىمگە ياخشى ئېتىدىن بىرنى مىندۈرۈپ، ئۇنى بەش يۈز تىللا بىلەن يولغا ساپتۇ.

ئەپەندىم ئۆيگە كېلىپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. خوتۇنى ۋەھىمىگە چۈشۈپ:

— ھەي ئادەم، ئاتنىڭ قانات چىقارغىنىنى نەدە بار؟ بېشىڭىزغا بالا تېپىۋاپسىز! — دەپتۇ.

— ئەندىشە قىلما، خوتۇن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئاتنى ئۈچ - تۆت يىل ئىشلىتىۋالىمىز - دە، ئاندىن سەمرىتىپ سوقۇۋالىمىز. ئاتنىڭ قانات چىقىرىشىغا ئىشەنگەن ئەخمەق پادشاھ مۇددەتتىن ئاۋۋال قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كېتىشىگىمۇ ئىشىنىدۇ.

## ئەپەندىم مەرگەن

ئەپەندىم ئۆزىنى مەرگەن، دەپ ماختاپ يۈرگىنىدە، پادشاھ ئۇنى سىناپ كۆرمەك بولۇپ، بىللە ئوۋغا ئاچىقىپتۇ. يولدا ئۇلارغا ئوتلاپ يۈرگەن بىر كېيىك ئۇچراپتۇ. پادشاھ ئەپەندىمگە شەرەت قىلىپ ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ ئاتقان بىرىنچى ئوقى كېيىككە تەگمەپتۇ. ئەپەندىم دەرھال:

— پادىشاھتىن ئاۋۋال ئوق ئۈزۈش ئەدەپسىزلىك بو-
لىدۇ، بۇ سىزگە تەقلىد قىلىپ ئاتقىنىم، — دەپتۇ-دە،
ئىككىنچى ئوقنى ئېتىپتۇ. ئىككىنچى ئوقمۇ خاتا كېتىپ-
تۇ، — ۋەزىرنىمۇ ھۆرمەت قىلىش كېرەك، بۇ ۋەزىرنىڭ
ئېتىشىغا تەقلىد، — دەپتۇ ۋە ئۇلاپلا ئۈچىنچى ئوقنى
ئېتىپتۇ، ئوق دەل كېيىكنىڭ يۈرىكىگە تېگىپتۇ، — بۇ
ئۆزۈمنىڭ ئېتىشىم، ئوق دېگەننى مانا شۇنداق ئېتىش
كېرەك، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## ھېچ گەپ يوق ئىكەن

ئەپەندىم ئۇ دۇنيادىكى مۇنكىر-نەكىرلەرنىڭ سورد-
قى قانداق بولىدىكىن، دەپ ئويلاپ، ئۇنى بىر كۆرۈپ باق-
قۇسى كەپتۇ-دە، زاراتگاھلىققا چىقىپ، بىر ئوچۇق
گۆرگە كىرىپ يېتىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن دۈپۈر-دۈ-
پۈر قىلغان ئەنسىز ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىم
راستىنلا مۇنكىر-نەكىرلەر كېلىۋاتقان بولسا كېرەك،
كېلىشى بۇنچىلىك ھەيۋىلىك بولغان يەردە، سورىقىغا
چىداپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ گۆردىن چىقىپ كې-
تىپ بارغىنىدا، بىرمۇنچە ئاتلىق سودىگەرلەرنىڭ ئالدىدىن
چىقىپ قاپتۇ. تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ چىققان ئەپەندىمدىن

ئۈركۈگەن ئاتلار بىرنەچچە سودىگەرنى يىقىتىپ تاشلاپتۇ. سودىگەرلەر ئەپەندىمنى تۇتۇۋېلىپ:

— كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرگەن بەندىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۈنكىر ـ نەكىرلەرنىڭ سورىقىدىن قورقۇپ، گۆردىن قېچىپ چىققان ئۆلۈكمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم. بۇ گەپكە سودىگەرلەرنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ، ئەپەندىمنى تازا ئۇرۇپتۇ.

باش ـ كۆزى يېرىلىپ كەلگەن ئەپەندىمنى كۆرگەن خوتۇنى:

— بۇ كېچىدە نەگە باردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ دۇنيانى بىر كۆرەي، دەپ شۇ ياققا بېرىۋىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— باش ـ كۆزىڭىزگە نېمە بولدى؟ ئۇ دۇنيادا نېمە گەپ بار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى يەنە.

— يۈگۈرۈپ چىقىپ سودىگەرلەرنىڭ ئېتىنى ئۈركۈتۈۋەتمىسەڭ، ئۇ دۇنيادا ھېچ گەپ يوق ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## ئامانەتكە خىيانەت

ئەپەندىمنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىسى يېزىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ، ئەپەندىم ئىككى ـ ئۈچ كۈن

ئاش - تاماقسىز قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان مەھەللە مەزىنى ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، بالا - چاقىڭىزنى قايتۇرۇپ كەلسىڭىز بولمامدۇ، قىينىلىپ قاپسىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

— يېزىغا چىقىپ كېلەي دېۋىدىمىيۇ، بىراق ئۆي يالغۇز قالىدىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— بىرەر كۈنگە ئۆينى خۇداغا ئامانەت قويمامسىز، — دەپتۇ مەزىن.

مەزىننىڭ مەسلىھەتى ئەپەندىمگە ماقۇل كەپتۇ ۋە ئۆينى خۇداغا ئامانەت قويۇپ، يېزىغا كېتىپتۇ. ئەپەندىم قايتىپ كەلسە، ھويلىنىڭ ئىشىكىنى بىرى قومۇرۇپ ئەكېتىپتۇ. ئەپەندىم شۇ ئاخشىمىلا مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى قومۇرۇپ ئەكېلىپ ھويلىسىغا ئورنىتىۋاپتۇ.

بۇ ئىشنى ئاڭلىغان مەزىن باشلىق بىرمۇنچە جامائەت ئەپەندىمنى قازىخانىغا ئاپىرىپتۇ. قازى:

— ئەپەندىم، مەسچىت دېگەن خۇدانىڭ ئۆيى، مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى كۆچۈرۈپ كېتىشكە ئۇيالمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— مەنمۇ ئۆيۈمنى خۇداغا ئامانەت قويغانىدىم، خۇدايىم ئامانەتكە خىيانەت قىپتۇ، شۇڭا خۇدانىڭ ئىشىكىنى ئەكېلىپ ئورنىتىپ تۇردۇم. خۇدايىم ئىشىكىمنى تېپىپ بەرسە، مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى دەررۇ قايتۇرۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

# شەھەرنىڭ سارىڭى

بىر كۈنى ئەپەندىم شەھەرگە كىرىپ قايتىپ كېتىپ بارسا، يولدا بىر كىشى ئۇچراپتۇ. ھېلىقى كىشى ئەپەن‑دىمدىن سوراپتۇ:

— قەيەردىن كېلىۋاتىسىز؟

— شەھەرنى ئايلىنىپ چىقتىم، — دەپ جاۋاب



بىرىپتۇ ئەپەندىم.

— شەھەر قانداق ئىكەن؟

— قويۇۋېرىڭ، شۇمۇ شەھەر بوپتۇمۇ، بەكمۇ مەينەت، قەھەتچىلىك ئىكەن.

— شەھەرنىڭ ھاكىمىچۇ؟

— شەھىرى شۇ بولسا، ھاكىمى نېمە بولاتتى، تازىمۇ زالىم، ئاچ كۆز كىشى ئىمىش.

ھېلىقى كىشىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، زەردە بىلەن:

— مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ.

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— مەن مۇشۇ شەھەرنىڭ ھاكىمى بولىمەن، ھەر ھەپتىدە بىر كۈن پۇقراچە كىيىنىپ، شەھەر ئايلىنىمەن.

— سىز مېنى تونۇمسىز؟

— ياق، — دەپتۇ ھاكىم.

— خۇداغا شۈكۈر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئەمىسە تونۇپ قويۇڭ، مەن شەھەرنىڭ سارىڭى بولىمەن، مەنمۇ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئەقلىمدىن ئېزىپ قالىمەن، بۈگۈن دەل ئەقلىمدىن ئازغان كۈنى سىزگە ئۇچراپ قاپتىمەن.

## خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ

ئەپەندىم بىر خەسىس تونۇشىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇ ئەپەندىمگە قاتتىق نان بىلەن بىر چىنە ھەسەل قويۇپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ نانغا چىشى ئۆتمەي، ھەسەلنى قوشۇق بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئالاق - جالاق بولۇپ:

— ئەپەندىم، ھەسەل دېگەننى نان بىلەن يېمىسە، كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇۋېتىدۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئۇنچىقماي ھەسەلنى يەپ بولغاندىن كېيىن:

— كىمنىڭ ئىچى ئېچىشىۋاتقانلىقىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ، ئامىن، — دەپ دۇئا قىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

## ئۆزۈڭلارنى ئۆگزىدىن تاشلاپ كۆرۈڭلار

ئەپەندىم ئۆگزىنىڭ قارىنى تازىلاۋېتىپ، تېيىلىپ كوچىغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ - دە، ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپتۇ. كوچىدىن ئۆتكەنلەر توپلىنىپ ئەپەندىمدىن ئەھۋال سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، نېمە بولدىڭىز؟ نېمىشقا تۇرماي ياتىسىز؟

— نېمىشقا تۇرمىغانلىقىمنى بىلگۈڭلار كەلسە، ئۆزۈڭلارنى ئۆگزىدىن تاشلاپ كۆرۈڭلار. ئاندىن مېنى يۆلەپ قويۇش ئېسىڭلارغا كېلىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## توخۇ ۋە ئۇرۇق

سەپەرگە چىققان بىر مۇساپىر سودىگەر شەھەر سارايلىرىدىن بىرىدە قونۇپتۇ. سارايۋەن ئۇنىڭغا بىر توخۇ ۋە ئىككى توخۇم پىشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئەتىسى سودىگەر يولغا

چىقىش ئالدىدا سارايۋەنگە:

— قايتىشىمدىمۇ مۇشۇ سارايغا چۈشىمەن، شۇ چاغدا ھېسابلىشارمىز، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى مۇساپىر سودىگەر قايتىپ كېلىپ يەنە شۇ سارايغا چۈشۈپتۇ. سارايۋەن بۇ قېتىممۇ ئۇنى توخۇ گۆشى ۋە تۇخۇم بىلەن كۈتۈۋاپتۇ.

ئەتىسى سودىگەر سارايۋەندىن سوراپتۇ:

— بەرگەن تاماقلىرىڭىزنىڭ ھەققى ئۈچۈن نەچچە تۆلەيمەن؟

سارايۋەن ئۇياق - بۇياققا ھېسابلاپ كۆرۈپ:

— ئىككى يۈز تەڭگە بەرسىڭىز بولىدۇ! — دەپتۇ.

— ئىككى توخۇ بىلەن تۆت تۇخۇم ئىككى يۈز تەڭگە بولامدۇ؟ — دەپتۇ سودىگەر ھەيران بولۇپ.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ، — دەپتۇ سارايۋەن، — ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن يېگەن توخۇ تىرىك بولىدىغان بولسا، ھەر يىلى ئاتمىش - يەتمىش تۇخۇم تۇغاتتى. تۇخۇمنى باسۇرساق، ھېچبولمىغاندا، قىرىق - ئەللىك چۈجە چىقاتتى. شۇنداق بولۇۋەرسە، ئۈچ يىل دېگەندە، پۈتۈن ئەتراپنى توخۇ بېسىپ كېتەتتى. ھېسابلاپ كۆرۈڭ، تېخى مەن ئىنساپ بىلەن ئاران ئىككى يۈز تەڭگىلا سورىدىم.

سودىگەر بىلەن سارايۋەن كېلىشەلمەي قازىغا بېرىشىپتۇ. سارايۋەن قازىغا ئاستا شەرەت قىلىپ، «مېنىڭ

پايدامغا ھۆكۈم قىلساڭ، ئالىدىغان پاراڭمۇ ئاز بولمايدۇ»
دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

قازى سودىگەردىن سوراپتۇ:

— سىز توخۇنى يېيىشتىن ئاۋۋال نەرخىنى سۆزلەشكەنمۇ؟

— ياق، توخۇ دېگەننىڭ نەرخى ھەممىگە مەلۇم بولغاندىن كېيىن سوراپ نېمە قىلىمەن، — دەپتۇ سودىگەر.

— ئۇنداقتا، سىز قاچان قايتىپ كېلىشىڭىزنى سارايۋەنگە ئۇقتۇرغانمۇ؟

— ياق!

— يا توخۇنىڭ نەرخىنى سۆزلەشمىسىڭىز، يا قايتىپ كېلىدىغان مۇددىتىڭىزنى ئېيتىپ قويمىسىڭىز، توخۇ تىرىك بولغان بولسا، ھە، يەنە تېخى تۇخۇم تۇغۇپ، چۈجە چىقارغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ نەرخى ئىككى يۈز تەڭگىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. ھېلىمۇ سارايۋەن ئىنساپلىق ئىكەن، ئىككى يۈز تەڭگە تۆلەڭ! — دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ قازى.

سودىگەر قازىدىن نارازى بولۇپ، ئەپەندىمنى ئىزدەپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم قازىخانىغا كېلىپ، بۇ دەۋانى قايتا سوراپ، باشقىدىن ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىپتۇ. قازى ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتا سوراق قىلماقچى بوپتۇ.

بەلگىلەنگەن كۈنى ئەپەندىم قازىخانىغا كېچىكىپ قاپ-

تۇ. قازى ئەپەندىمنىڭ يولىغا قاراپ، تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغىنىدا ئەپەندىم كىرىپ كەپتۇ.

— ئەپەندىم، نېمىشقا ۋاقتىدا كەلمىدىڭىز؟ ئادەمنى شۇنچىمۇ ساقلىتامسىز؟ — دەپ ئاچچىقلاپتۇ قازى.

— رەنجىمىسىلە، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — قوشنىمىز بىلەن ئورتاق بوغداي تەرمەكچىدۇق، يەرنىڭ ئوسسى كېلىپ قاپتىكەن، ئۇرۇقلۇق بوغداينى قوروپ بېرىمەن، دەپ كېچىكىپ قالدىم.

— يالغان گەپ قىلماڭ، — دەپ كۈلۈپتۇ قازى، — قورۇلغان ئۇرۇقمۇ ئۈنەمدۇ؟

— بەللى، — دەپتۇ ئەپەندىم، — قورۇلغان ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈشىگە ئىشەنمەيسىزكەن، ئەمىسە، نېمىشقا پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇم تۇغىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقاردىڭىز؟

قازى كۆپچىلىك ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ، قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ ۋە ئاۋۋال چىقارغان ھۆكۈمىنى ئەلاجسىز بىكار قىپتۇ. مۇساپىر سودىگەر ئەپەندىمگە كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپتۇ.

## ياش

ئەپەندىم بىر مەشرەپكە بېرىپتىكەن، مەشرەپ ئەھلى ئۆز-ئارا ياش سۈرۈشتۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۆزى خېلى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ياش قىزغا ئۆيلەنگەن بىر كىشى



يېشىنى تازىمۇ كىمەيتىپ ئېيتىپتۇ. ئەپەندىم بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ئولتۇرغىنىدا، بىرى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئوتتۇزغا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— بەللى، — دەپتۇ ئولتۇرغانلاردىن بىرى، — بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنمۇ ئوتتۇز دېۋىدىڭىزغۇ!

— توغرا، مېنىڭ يېشىم توختاپ قالغان، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قاچاندىن بېرى؟

— ياش قىزغا ئۆيلىنەمەكچى بولغىنىمدىن بېرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ۋەز

خۇپتەندىن كېيىن ئىمام ۋەز ئېيتماق بولۇپ قۇتبىگە چىقىپ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. جامائەتتىن

بىرى:

— ۋاقىت ئۆتمىسۇن، ئىمام ئاخۇنۇم، قېنى گېپىڭىزنى باشلاڭ، — دەپتۇ. ئىمام بىرھازادىن كېيىن:

— ئېسىمگە ھېچنېمە كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپتىكەن، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان ئەپەندىم:

— ئەقلىڭىزگە ھەيرانمەن، ھېچبولمىسا، پەشتاقتىن چۈشۈپ كېتىشمۇ ئەقلىڭىزگە كەلمىدىمۇ؟ — دەپتۇ.

## مۇتتەھەم باي

بىر كۈنى ئەپەندىم تۇرمۇشتىن قىسىلىپ خۇداغا يالۋۇرغىلى تۇرۇپتۇ:

«ئەي خۇدا، راستىنلا كەمبەغەللەرگە رەھىمىڭ كېلىدىغان بولسا، قېنى ماڭا يۈز تىللا ئاتا قىلغىن، بىر تىللا كەم بولسىمۇ ئالمايمەن» دەپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان باي قوشنىسى، ئەپەندىمنى سىنىماق بولۇپ، تۈگۈلۈكتىن توقسان توققۇز تىللا تاشلاپتۇ. ئەپەندىم تىللانى ساناپ كۆرۈپ:

«خەير، توقسان توققۇزنى بەرگەن خۇدايىم بىرىنىمۇ بېرىپ قالار» دەپلا تىللانى ساندۇققا ساپتۇ. باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئەپەندىمنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپتۇ:

— ئەپەندىم، تىللالارنى سىزنى سىنىماق ئۈچۈن مەن

تاشلىغاندىم، گېپىڭىزدە تۇرۇڭ، تىللانى بېرىۋېتىڭ، — دەپتۇ.

— خۇدانىڭ شەپقىتىگە شېرىك بولماقچىمىدىڭ؟ سې-نىڭ تىللايىڭنى كۆرگىنىم يوق، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ئەپەندىم. باي ئەپەندىمنى قازىخانىغا سۆرەپتۇ.

— كونا چاپاندا قازىخانىغا بارمايمەن، — دەپتۇ ئەپەن-دىم. باي ئەپەندىمگە يېڭى پەرجىسىنى ئاچىقىپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم يەنە:

— قازىنىڭ ئالدىغا پىيادە بارمايمەن، بارغۇڭ كەلسە، ئۆزۈڭ بار، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باي ئىلاجسىز قېچىرىنى توقۇپ ئاچىقىپ بېرىپتۇ.

قازىخانىغا بارغاندىن كېيىن، باي بولغان ۋەقەنى بايان قىپتۇ.

— بىر كەم يۈز تىللا ئالغىنىڭىز راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قازى ئەپەندىمدىن.

— تۆھمەت ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — بۇنداق مۆتتەھەم بايىنى ئۆمرۈمدە بىرىنچى كۆرۈشۈم. قويۇپ بەرسىڭىز، ئۇستۇمدىكى چاپان بىلەن ئاستىمدىكى قېچىر-نىمۇ مېنىڭ دېيىشتىن يانمايدۇ.

باي پەرياد كۆتۈرۈپتۇ ۋە پەرجە بىلەن قېچىرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ دەۋا قىپتۇ. قازى بولسا بۇ مۆتتەھەملىكتىن رەنجىپ، تىللانى ئەپەندىمگە بۇيرۇپتۇ.

## تەكىيە قىلاتتىم

ئەپەندىم شەھەردىن قايتىشىدا كەچ قىلىپ، بىر ئاغىدىنىسىنىڭكىگە كەپتۇ. ئاغىنىسى ئەپەندىمنىڭ قورسىقىدىن خەۋەر ئالمايلا، ئورۇن سېلىپ بېرىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدىن ئۇياققا ئۆرۈلۈپمۇ، بۇياققا ئۆرۈلۈپمۇ ئۇخلىيالماپتۇ، ئاخىرى ئىچكىرىكى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ.

— خوش، نېمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.

— ئىككى نان ئۆزىتىۋەتسىڭىز ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— كېچىدە نان نېمىگە كېرەك بولۇپ قالغان؟

— بېشىم پاكار بولۇپ قاپتىكەن، ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ، ناننى تەكىيە قىلاتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## ئىت يىرگەندى

ئەپەندىمنىڭ ئىتى كېچىسى ھويلىنى كۆزەت قىلىپ، كۈندۈزى كاتەككە كىرىپ ئۇخلايدىكەن.

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ھويلىسىغا مېھمان كىرىپتىكەن، ئىت دەررۇ كاتەككە كىرىپ كېتىپتۇ. مېھمان قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ئەپەندىم، ئىتىڭىز مېنى كۆرۈپ قورقۇپ كاتەككە كىرىۋالدى، — دەپتۇ.

— يوقسۇ، تەقسىر، قورققىنى يوق، بەلكىم يىرگەندى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## سىزدىن تەلىم ئېلىپ...

بىر كۈنى مىڭبېگى ئەپەندىمدىن يامان بىر ئىت تېپىپ ئەكېلىپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەپەندىم تەپسە تەۋرىمەيدىغان بىر ياۋاش ئىت تېپىپ ئەكەپتۇ-دە، مىڭبېگىگە بېرىپتۇ.

— ئەپەندىم، سىزگە ھويلىغا ئادەم يولاتمايدىغان يامان ئىتنى تېپىپ ئەكېلىڭ دېسەم، تېپىپ ئەكەلگەن ئىتىڭىزنى قاراڭ، — دەپ رەنجىپتۇ مىڭبېگى.



— تەخىر قىلىنىڭ، مىڭبېگى، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بۇ ئىت ئىككى - ئۈچ كۈنلا سىزدىن تەلىم ئالسا، ھويلا ئۇ ياقتا تۇرسۇن، كوچىغىمۇ ئادەم يولاتمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

## لەتىپە

بىر كۈنى ئەپەندىم مۇنچىغا كېتىپ بارسا، يولدا ئۇنى مەھەللىنىڭ ياشلىرى توسۇۋېلىپ:

— ئەپەندىم، بىزگە بىر لەتىپە ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. ئەپەندىم:

— بىر كۈنى نەسىردىن ئەپەندىم مۇنچىلىغا چۈشۈپتۇ... — دەپلا توختاپ قاپتۇ. ياشلار:

— كېيىن نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تېخى مۇنچىغا چۈشمىسەم، نېمە بولغىنىنى نەدىن بىلەي، — دەپتۇ ئەپەندىم. ياشلار:

— بوپتۇ، قالغىنىنى مۇنچىدىن قايتقاندا ئاڭلايلى، — دەپ ئەپەندىمنى قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭ مۇنچىدىن قايتىشىنى كۈتۈپتۇ. ئەپەندىم مۇنچىدىن قايتقىنىدا ياشلار يەنە سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، مۇنچىغا چۈشكەندە نېمە بوپتۇ؟

— ئەخمەق ئىكەنسىلەر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — باشقىلار مۇنچىغا چۈشسە ھېچنېمە بولمايدۇيۇ، ئەپەندىم چۈشسە نېمە بولاتتى، ھېچنېمە! — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

## ئىككى ساماۋار

بۇرنى يوغان، ئۆزى سېرىق بىر كىشى ئەپەندىمنى زاڭلىق قىلماقچى بولۇپ:

— ئەپەندىم، ئاڭلىسام ئوقۇر ياسىماقچى ئىكەنسىز، مۇشۇ بۇرنۇمنىلا ساتاي، ئوقۇر قىلىۋېلىڭ! — دەپتۇ.

— ئۇنىڭدا زىيان تارتىپ قالىسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم ھېلىقى كىشىگە، — ئوقۇر دېگەن ئەرزان نەرسە. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇرنىڭىزنى مىسكەرچىگە ئاپارسىڭىز، ئىككى ساماۋار سوقۇپ بېرىدۇ، بىرىنى سېتىپ ئوغلىڭىزنى ئۆيلەيسىز، بىرىنى كېلىنىڭىزگە سالامغا قويۇپ بېرىسىز.



## ئاپتاپ ۋە ئاي

بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، ئاپتاپ ياخشىمۇ، ئايمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاي ياخشى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — نېمىشقا دېسىڭىز، ئاپتاپ دېگەن كۈندۈزى چىقىدۇ، ئاي بولسا قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتىدۇ.

## پەرق

بىر كۈنى ئەپەندىم مۇنچىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئالدىراپ

بارغىنىچە سوپىدا ئولتۇرغان بىر كىشىنىڭ يېنىغا ئولتۇ-
رۇپ يۇيۇنۇشقا باشلاپتۇ. سوپىدا ئولتۇرغان كىشى شەھەر-
نىڭ ھاكىمى ئىكەن. ئەپەندىمنىڭ بىھۆرمەتلىكىدىن ئاچ-
چىقى كەلگەن شەھەر ھاكىمى:

— ھەي ئەدەپسىز، سىنىڭ ئىشەكتىن پەرقىڭ قانچى-
لىك زادى؟ — دەپتىكەن، ئەپەندىم دەررۇ ئىككىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى غېرىچلاپ كۆرۈپ:

— پەرق كۆپ ئەمەس ئىكەن، ئارانلا ئىككى غېرىچ! —
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئەمدىكىسىنى ئۆزىڭىز تېپىڭ

بىر كۈنى ئەتىگىنى ئەپەندىم بازارغا كېتىپ بارغى-
نىدا، تام قوشنىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئاخشام ھويلاڭلاردا غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ
كەتتىغۇ، نېمە بولدى؟

— ھېچ گەپ يوق، ئۆيدىكىلەر بىلەن گەپ تالىشىپ
قالدۇق! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئەمىسە، گۈرسۈلدىگەن ئاۋاز چىقتى، ئۇ نېمە ئىدى؟

— پەرىجەم سوپىدىن چۈشۈپ كەتكەن، — دەپتۇ ئە-
پەندىم. قوشنىسى ھەيران بولۇپ:

— پەرىجىمۇ گۈرسۈلدەمدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەمدىكىسىنى ئۆزىڭىز تېپىڭ - دە، پەرىجىنىڭ

ئىچىدە ئۆزۈم بولغاندىن كېيىن، گۇرسۇلدىسىمۇ گۇرسۇل-دىگەندۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## سىنىڭمۇ راست

بىر كۈنى ئەپەندىمگە قوشنىسى ئەرز ئېيتىپ كىرىپ ئۆز خوتۇننى يامانلاپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم گەپنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— راست، گېپىڭىز راست، خوتۇنىڭىزنىڭ مىجەزى ئوسال ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەتىسى دەل شۇ قوشنىسىنىڭ خوتۇنى كىرىپ ئېرىنى يامانلاپ، دادلاپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم ئۇنىڭغىمۇ «گېپىڭىز راست» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قوشنا خوتۇن چىقىپ كەت-كەندىن كېيىن ئەپەندىمنىڭ ئايالى ئەپەندىمگە كايىپ:

— ئەر بولماي ئۆلۈك، ئۇ كىرسە، ئۇنىڭغىمۇ راست، بۇ كىرسە، بۇنىڭغىمۇ راست دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ-تىكەن، ئەپەندىم بىرپەس ئويلاپ تۇرۇپ، كېيىن:

— دەرۋەقە، ئويلاپ كۆرسەم، سىنىڭ گېپىڭمۇ راست ئىكەن، خوتۇن، — دەپتۇ.

## ئۇسساپ قالغاندۇ

ئەپەندىم بىر تويغا بېرىپتۇ. داستىخان سېلىنىپ،

مەزە تارتىلغاندىن كېيىن، ئەپەندىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يوغان سەللىلىك بىر كىشى ئۆزىنىڭ يېگىنىنى ئاز دەپ، ھەدەپ يانچۇقىنى مەزەگە تولدۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىم دەرھال چەينەكنى ئېلىپ ئۇنىڭ يانچۇقىغا چاي قۇيۇپتىكەن، ھېلىقى كىشىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلىق، يانچۇققا چاي قۇيغان نەدە بار؟ — دەپتىكەن، ئەپەندىم:

— يانچۇقىڭىز شىرنىلىكلەردىن خېلى كۆپ يېدى، بەلكىم ئۇسساپ قالغاندۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## خىجىللىق



بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ. ئەپەندىم دەرھال قۇرۇق ساندۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈۋاپتۇ. ئوغرىلار ئۆيدىن قولغا چىققۇدەك بىرەر نەرسە تاپالماي، ئاخىر ساندۇقنى ئېچىپتىكەن، ساندۇقتىن ئەپەندىم چىقىپتۇ.

— ساندۇقتا نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغرىلار.

— ئۆيۈمدە سىلەرگە يارىغۇدەك نەرسىنىڭ يوقلۇقىدىن خىجىل بولۇپ ساندۇققا چۈشۈۋالغاندىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## جىگدە تالقىنى

ئەپەندىم ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ جىگدە تالقىنى يەۋاتقىنىدا، بوران چىقىپ كېتىپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، يەۋاتقىنىڭىز نېمە؟

— ئەگەر بوران مۇشۇنداقلا چىقىۋەرسە، ھېچنېمە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## شورپىسىنىڭ شورپىسى

ئەپەندىمگە بىر ئوۋچى دوستى توشقان ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم خۇشال بولۇپ، ئۇنى توشقان گۆشى بىلەن مېھمان قىپتۇ. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئەپەندىمنىڭ ئىشىكى تاقىلداپتۇ. ئەپەندىم چىقىپ قارىسا، ئىشىك ئالدىدا ئىككى - ئۈچ ئادەم تۇرغۇدەك.

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— بىز سىزگە توشقان ئەكېلىپ بەرگەن دوستىڭىزنىڭ دوستلىرى بولىمىز! — دەپتۇ كەلگەن كىشىلەر.

ئەپەندىم «خۇش كەپسىلەر» دەپ ئۇلارنىمۇ شورپا بىلەن مېھمان قىپتۇ.

يەنە بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە بەش - ئالتە ئادەم كەپتۇ. ئەپەندىم ئۇلارنىڭ كىملىكىد-

نى سورىسا، «بىز توشقان ئەكېلىپ بەرگەن دوستىڭىزنىڭ دوستلىرىنىڭ دوستلىرى بولىمىز» دەپتۇ.

— ناھايىتى ئوبدان كەپسىلەر، قېنى ئۆيگە كىرەيلى، — ئەپەندىم كەلگەنلەرنى ئۆيگە باشلاپتۇ ۋە يوغان جاۋۇرغا ئىدىرىقتىكى لاي سۇنى لىق ئەكىرىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

— قېنى. مېھمانلار، غىزاغا باقايلى !

مېھمانلار ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، بۇ قانداق غىزا؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئەپەندىم:

— دوستۇم ئەكېلىپ بەرگەن توشقاننىڭ شورپىسىنىڭ شورپىسىنىڭ شورپىسى ! — دەپتۇ.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk4NzQuemlw",
"filename_decoded": "40209874.zip",
"filesize": 32443866,
"md5": "9806a58e153b783329e7193e3ce7f40f",
"header_md5": "6af653d3e88283ab8ee970f92ef8e4f0",
"sha1": "8652d2e1aaddcbf98c611b74f995f671760050ae",
"sha256": "a1afd2efb136aaa94dff436c4d0ed52ff4c0f69a7a13b7e0daeee27b3f9388eb",
"crc32": 2589494708,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 32869323,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u255a\u00f1\u256c\u253c \u2565\u2557\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209874",
"pdg_main_pages_found": 71,
"pdg_main_pages_max": 71,
"total_pages": 82,
"total_pixels": 321470586,
"pdf_generation_missing_pages": false
}